# تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن



# تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن ھاۋازى

تەرجىمە تەھرىرلىرى: ۋاڭ يىجژ<br>ئوسمانجان ساۋۇت

مەسئۇل مۇھەررىر: خوجائابدۇللا ئوسمان

**مىللەتلەر نەشرىياتى**

# كىرىش سوز

تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 618 — 907 ـ يىللار) ئىلىمىزنىڭ كىلاسسىك شېئىرىيىتى تەرەققىياتىدىكى ئومۇمى يۈزلۈك گۈللىنىش دەۋرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى ئىلىمىزنىڭ ئىسىل ئەدەبىي مىراسلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا ئەدەبىيات غەزنىسىدىكى چاقناپ تۇرىدىغان مەرۋايىتتۇر. ھازىرغىچە بۇ دەۋرگە مىڭ يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، نۇرغۇنلىغان شېئىرلار خەلقىمىزنىڭ قىزغىن سۆيۈشىگە مۇيەسسەر بولۇپ كەلمەكتە، كۆپچىلىكنىڭ ئاغزىدا يادقا ئوقۇلۇپ كەلمەكتە، مانا بۇ ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۇزۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىرلار ناھايىتى كۆپ. لى بەي، دۇ فۇ، بەي جۈيىلار دۇنيا بويىچە داڭلىق ۋە ئۇلۇغۋار شائىرلاردۇر، ئەلۋەتتە. ئۇلاردىن باشقا، خۇددى ئاسماننى قاپلاپ كەتكەن يۇلتۇزلارغا ئوخشاش، سان ـ ساناقسىز شائىرلارمۇ بار. بۇ شائىرلاردىن بۈگۈنكى كۈنگىچە مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقانلىرىمۇ 2 مىڭ 300 دىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن «كۈللى تاڭ نەزمىلىرى»دە ساقلانغانلىرىمۇ 48 مىڭ 900

پارچىدىن ئارتۇق، بۈگۈنگە قەدەر يوقلىپ كەتكەنلىرىمۇ ئاز بولمىسا كېرەك. ھەممىدىن قىممەتلىك بولغىنى شۇكى، ئۇلار-نىڭ ئىچىدىكى بىرمۇنچە شائىرلار شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىلىرى، ھىسسىياتلىرى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مۇرەككەپ قىياپەتلىرىنى ئوخشاش بولمىغان دەۋر نۇقتىسىدىن ۋە ئوخ-شاش بولمىغان تۇرغۇدىن ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن. ئۇ ئەسەرلەرنىڭ نۇرغۇن-لىرى بۈگۈنكى نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلەردۇر.

لېكىن تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى ئاپتورلىرىنىڭ كوپ قىسمى فېودال ئەدىپلەردۇر. دەۋرنىڭ ۋە سىنىپىي ئورنىنىڭ تۇرلۇك چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى-نىڭ بىرمۇنچىسىدە روشەن ھالدا فېودال پومىششىكلار سىنىپىنىڭ تامغىلىرى بار. بۇ ئەسەرلەرنىڭ جەۋھىرى دەپ ئاتاشقا بولىدىغان بەزى ئەسەرلەرگىمۇ، كوپ ھاللاردا، ساغلام بولمىغان پاسسىپ نەرسىلەر ئارىلاشقان. شۇڭا، بۇ مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتا، ئۇلارنى ماركسىزىم-لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق ئەستايىدىل تەھلىل ۋە پىپەن قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنىڭ تېمىسى ئىنتايىن كەڭ. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ياخشىراقلىرىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، بەزىلىرىدە شۇ دەۋردىكى سىنىپ ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەر مەلۇم تەرەپلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، فېوداللىق جەمىيەتنىڭ قاراڭغۇ-زۇلمەت-

لىك ئىكەنلىكى پاش قىلىنغان؛ بەزىلىرىدە ئادالەتلىك ئۇرۇش مەدھىيىلەنگەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئىزھار قىلىنغان، بەزىلىرىدە ۋەتەننىڭ تاغ-دەريالىرىنىڭ گۈزەل ۋە سەلتەنەتلىك ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، شەخسلەرنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىپادىلەيدىغانلىرىمۇ، سۆيگۈ-مۇھەببەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغانلىرىمۇ، دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇھەببىتىنى، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى قايغۇ ۋە خوشاللىقنى تەسۋىرلەيدىغانلىرىمۇ ۋە باشقا جەھەتلەر-دىكى شېئىرلارمۇ بار، قىسقىسى، تەبىئەت ھادىسىلىرى، سىياسى ۋەزىيەت، ئەمگەك تۇرمۇشى، ئىجتىمائى ئۆرپ-ئادەتلەردىن تارتىپ شەخسلەرنىڭ تەسىراتلىرىغا قەدەر بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شائىرلارنىڭ ئۆتكۈر نەزىرىدىن چەتتە قالمىغان-دە، ئۇلار ئۈچۈن يېزىش ماتېرىيالى بولغان. ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە، رېئالىزىم ئېقىممۇ، رومانتىزىم ئېقىممۇ بولغان، بىر-مۇنچىلىغان ئۇلۇغۋار ئەسەرلەر مۇشۇ ئىككى خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، بۇلار ئېلىمىز كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇ-خىل. تاڭ دەۋرىدە قەدىمقى ئۇسلۇبتىكى شېئىرلار ئاساسەن بەش بوغۇملۇق ۋە يەتتە بوغۇملۇق دەپ ئىككى خىلغا بولۇنگەن؛ كېيىنكى ئۇسلۇب-تىكى شېئىرلارمۇ قىتئە ۋە ئەندىزىلىك شېئىر دەپ ئىككى خىلغا

بولۇنگەن. قىتئە ۋە ئەندىزىلىك شېئىرلارمۇ يەنە ئۆز ئالدىغا بەش بوغۇملۇق ۋە يەتتە بوغۇملۇق بولۇپ، ئوخشمايدىغان تۈرلەرگە بولۇنگەن. شۇڭا، تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى مۇنداق ئالتە خىل بولغان: قەدىمقى ئۇسلۇپتىكى بەش بوغۇملۇق شېئىر، قەدىمقى ئۇسلۇپتىكى يەتتە بوغۇملۇق شېئىر، بەش بوغۇملۇق قىتئە، يەتتە بوغۇملۇق قىتئە، بەش بوغۇملۇق ئەندىزىلىك شېئىر، يەتتە بوغۇملۇق ئەندىزىلىك شېئىر. قەدىمقى ئۇسلۇپتىكى شېئىرلاردا قاپىيە ۋە ۋەزىنگە بولغان تەلەپ سەل كەڭرەك بولۇپ، بىر شېئىردا مىسرالىرى كوپ بولسىمۇ، ئاز بولسىمۇ بولۋېرىدۇ؛ شېئىرنىڭ ھەجمى ئۇزۇن بولسىمۇ، قىسقا بولسىمۇ بولۋېرىدۇ، قاپىيىلىرىدە ئۆزگىرىش بولسىمۇ بولۋېرىدۇ. كېيىنكى ئۇسلۇپتىكى شېئىرلارنىڭ رېتىم-قاپىيە ۋە ۋەزىنگە بولغان تەلەپلىرى سەل قاتتىقراق بولىدۇ: بىر شېئىرنىڭ مىسرالىرى چەكلىك قىلىپ بەلگىلەنگەن، يەنى قىتئە 4 مىسرالىق، ئەندىزىلىك شېئىر 8 مىسرالىق بولۇپ، ھەر مىسرا شېئىردىكى بوغۇم تونلىرىنىڭ كېلىشىدە مەلۇم قانۇنىيەت بولىدۇ، قاپىيىسىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ؛ ئەندىزىلىك شېئىر-لاردا يەنە ئوتتۇرىدىكى 4 مىسرادا روبىرولۇق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. قەدىمىي ئۇسلۇپتىكى شېئىرلارنىڭ ئۇسلۇبى ئوتكەن دەۋرلەردىن قېپقالغان، شۇڭا قەدىمقى شەكىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كېيىنكى ئۇسلۇپتىكى شېئىرلاردا قاتتىق-مۇكەممەل ئەندىزە بولىدۇ، شۇڭا بەزىلەر ئۇنى ئەندىزىلىك شېئىر دەپ ئاتىشىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كورۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تاڭ دەۋرى شېئىرلى-
رىنىڭ شەكلى ۋە ئۇسلۇبى مول ۋە خىلمۇ-خىل بولۇپ،
كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئارقىلىق
مەيدانغا چىققان. بۇ شېئىرلاردا خەن، ۋېي دەۋرلىرىدىكى خەلق
قوشاقلىرى ۋە مەھكىمە نەزمىلىرى ئەنئەنىسىگىلا ۋارىسلىق قىلى-
نىپ قالماستىن، شېئىر-نەزمە شەكىللىرىمۇ زور دەرىجىدە راۋاج-
لاندۇرۇلغان؛ ئوتكەنكى دەۋرلەردىن كېلىۋاتقان بەش بوغۇملۇق،
يەتتە بوغۇملۇق قەدىمقى ئۇسلۇپتىكى شېئىرلارغىلا ۋارىسلىق
قىلىنىپ قالماستىن، بۇلار ئېپىك ياكى لېرىك شەكلىدىكى چوڭ
ھەجىملىك ئەسەرلەرگە تەرەققى قىلدۇرۇلغان؛ بەش بوغۇملۇق،
يەتتە بوغۇملۇق شېئىر شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى كېڭەيتىلىپلا
قالماستىن، ئۇسلۇبى ئاجايىپ گۈزەل ۋە رەتلىك بولغان كېيىنكى
ئۇسلۇپتىكى شېئىرلارمۇ ئىجات قىلىنغان، كېيىنكى ئۇسلۇپتىكى
شېئىرلار ئەينى ۋاقىتتىكى يېڭىچە شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجات
قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىپ ۋايىغا يېتىشى تاڭ دەۋرى شېئىرىيىتى
تەرەققىياتىدا چوڭ بىر ۋەقە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئېلىمىزنىڭ
كىلاسسىك شېئىرلىرىدىكى بوغۇملىرى ماسلاشقان، تىلى ئىخچام
بولۇشتەك بەدىئى ئالاھىدىلىكلىرىنى مىسلى كورۈلمىگەن يۇكسەك-
لىككە كوتىرىپ، قەدىمقى لېرىك شېئىرلار ئۇچۇن ئەڭ تىپىك
شەكىل تېپىپ بەرگەن، خەلق ئۇنى تا بۈگۈنگىچە ئالاھىدە
ياقتۇرۇپ كەلمەكتە. لېكىن كېيىنكى ئۇسلۇپتىكى ئەندىزىلىك
شېئىرلارنى ئالساق، ئۇنىڭدا قاتتىق ئەندىزە تەلىۋىنىڭ

چەكلىمىسى بولغانلىقىدىن، شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى ئاسانلا بوغۇپ قويىدۇ، ئەركىن ھالدا ئىجات قىلىشقا ۋە ئىختىيارىچە جارى قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئېلىپ كەلگەن ناھايىتى زور يېتەرسىزلىكىدۇر.

كوپچىلىكنى كىلاسسىك شېئىرلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەينەك قىلىش ھەمدە بۇ شېئىرلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى، مىللى شەكلى ۋە بەدىئى ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلىرىدىن پايدىلىق ئوزۇق ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مەزكۇر كىتاپتا تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان بىرقەدەر مەشھۇر بولۇپ كەلگەنلىرىدىن بىر قىسمىنى كەڭ كىتاپخانلارغا تونۇشتۇردۇق. بۇ كىتاپچە ئەگەر يولداشلارنىڭ ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا تېخىمۇ كوپ، تېخىمۇ گۈزەل بولغان يېڭى شېئىرلارنى يارىتىشى ئۈچۈن ئاز-تولا رول ئوينىيالىسا، بىز ئۈچۈن ناھايىتى زور ئىلھام بولغان بولىدۇ.

«تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن يۈز پارچە» دىگەن كىتاپچە ئەسلىدە جۇڭخۇا نەشرىياتى شاڭخەي تەھرىر بولۇمىنىڭ تەھرىرلىكىدە نەشر قىلىنغان. بۇ قېتىم تۈزىتىپ قايتا نەشر قىلىش جەريانىدا ئەسلى كىتاپتىكى ئەسەرلەر، چۈشەندۈرۈشلەرگە بەزى ئۆزگەرتىش ۋە تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، ھەددىدىن زىيادە ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىدۇق. بۇ كىتاپچىغا تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 130 نەچچە پارچە شېئىر كىرگۈزۈلدى، بۇلارنىڭ تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنىڭ پۈتۈن جەۋھىرىنى ئۆز

ئىچىگە ئېلىپ كېتەلىشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس، لېكىن بۇ شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈن ۋاقىتلاردىن بۇيان ئېغىزدىن چۈشمەي ئوقۇلۇپ كېلىۋاتقان ئەسەرلەر، بۇلار ئومۇمەن ئالغاندا تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدە بولغان روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. كىتاپخانلارنىڭ يېزىق جەھەتتىكى توسالغۇلارنى ئازايتىپ، ئاۋال ئەسلى شېئىرنى چۈشىنىشكە، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، بەدىئى ئۇسلۇبى ۋە يېزىقچىلىق ماھارىتى جەھەتلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنە-ۋېلىشىغا ياردەمدە بولۇشنى كوزدە تۇتۇپ، ئۆزەرەك بولغان چۈشەندۈرۈشلەر ۋە ئىزاھلارنىمۇ قوشتۇق. لېكىن بىزنىڭ بۇ شېئىرلارغا بولغان چۈشەنچىمىزدە ھېلىھەم چوڭقۇر بولمىغان، جايىدا بولمىغان يەرلەر بار، خىزمەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرمۇ تولا، شۇڭا كوپچىلىكنىڭ ئوقۇغان چاغلىرىدا كىتاپتىكى چۈشەندۈرۈش-لەر بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئوزلىرىنىڭ پىكىر قىلىشى ۋە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كوپچىلىكنىڭ بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە كوپلەپ قىممەتلىك تەنقىت ۋە تەكلىپلەرنى بېرىشىنى سەممىي ئۈمىت قىلىمىز.

شاڭخەي قەدىمىي كىتاپلار نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1

**ۋاڭ بو** ........................................ 1

تاغدا

**ياڭ جيۇڭ** ........................................ 3

لەشكەرلىكتە

**چېن زىئاڭ** ........................................ 5

يۇجۇ راۋىنغا چىققاندا

**خې جۇجاڭ** ........................................ 7

يۇرتۇمغا قايتقاندا

**مېڭ خاۋرەن** ........................................ 8

دوستۇمنى يوقلاپ سەھراغا بارغاندا

باھار ئەتىگەنلىكى

**ۋاڭ جۇخۇەن** ........................................ 10

لياڭجۇ نەزمىسى

لەگلەك راۋىنغا چىققاندا

**ۋاڭ چاڭلىڭ** ........................................ 12

لەشكەرلىكتە (ئىككى شېئىر)

چېگرا ناخشىسى
**ۋاڭ ۋېي** ........................................ 15
كېيىك ماكانى
شكار سەيلىسى
چېگرىغا ھال سوراپ بارغاندا
**لى بەي** ........................................ 18
خوشلىشىپ چىقتىم سەھەر بەيدى بىلەن
جىنمېندا خوشلىشىش
لۈشەن شاقىراتمىسىنى تاماشا قىلىش
سېرىق تۇرنا راۋىقىدا مېڭ خاۋرەننى گۇاڭلىڭغا ئۇزىتىش
چاڭگەن نەزمىسى
تەس ئىكەن سىچۇەن يولى
شۈەنجۇدىكى شيې تياۋ راۋىقىدا ئۇردا مۇھەررىرى
لى يۈن تاغا بىلەن خوشلىشىش شەرىپىگە زىياپەت بەرگەندە
مەي-شاراپ ئىچەيلى!
تيەنمېن تېغىغا نەزەر
يوللار قىيىن
چۈشۈمدە تيەنمۇ تېغىنى زىيارەت قىلغانلىغىمغا بېغىشلاپ
ۋاڭ لۈنگە بېغىشلاپ
**گاۋ شى** ........................................ 43
دۇڭ تىڭلەن بىلەن خوشلاشقاندا
**سۈي خاۋ** 44

چاڭگەن نەزمىسى (ئىككى شېئىر)
سېرىق تۇرنا راۋىغى
**جىن چاڭشۇي** ........................................ 47
كوكلەمدىكى ئەلەم
**دۇ فۇ** ........................................ 48
دەسلەپكى چېگرا ناخـشىسى
ئايدىڭ كېچىدە
باھار تەسراتى
چياڭسۇن كەنتى ھەققىدە ئۈچ شېئىر
شىنئەن بېگى
تۇڭگۇەن بېگى
شىخاۋ بېگى
نىكادىن كېيىنكى جۇدالىق
قېرىغاندىكى جۇدالىق
ماكانسىزلىقتىكى جۇدالىق
شۇ بەگلىگى ۋەزىرى ھەققىدە
باھار كېچىسىدىكى خاسىيەتلىك يامغۇر
مېھمان كەلگەندە
كۆز بورىنىدا ۋەيران بولغان كەپەمگە بېغىشلاپ
ھەزرىتى خۇا جىڭدىڭغا
خان لەشكىرىنىڭ خېنەن-خېبېينى قايتۇرۇۋالغانلىقىنى
ئاڭلاپ

ۋاڭ جاۋجۇننىڭ قەدەمجايىنى كورۇپ
ئىگىزگە چىققاندا
سول قول ۋەزىر ۋېي جى جاناپلىرىغا يېزىلغان 22
قاپىيىلىك شېئىرىي مەكتۇپ
مىسكىن ـ غېرىپلىق
تەيشەن تېغىنى كورۇپ
سېن شېن .................................... 83
فېڭ چاڭچىڭ جاناپىنىڭ غەرپكە يۇرۇش قىلىشى
ۋۇ مىرزىنى ئاستانىغا ئۇزىتىشقا بېغىشلاپ
يۈەن جېي .................................... 87
تاش بېلىق كولى بويىدا كەيپ بولۇش
جاڭ جى .................................... 89
كېچىدە فېڭچياۋدا توختىغاندا
چاڭمېن تەسراتى
دەي شۇلۇن .................................... 91
لەنشى ناخشىسى
ئېكىنچى قىزلار نەزمىسى
ليۇ چاڭچىڭ .................................... 94
فۇرۇڭشەندە قار ياققاندا قونالغۇ تېپىش
ۋېي يىڭۋۇ 96
چۇجۇدىكى شىجيەن دەرياسى بويىدا
لى كاڭچېڭ .................................... 97

سۇ لەيلىسى يىغىش
لۇ لۇن........................................................ 98
چېگرا ناخشىسى (ئىككى شېئىر)
خەن خۇڭ........................................................100
سوغ غىزا بايرىمى
لى يى...........................................................102
تۇندە غالىپ شەھەردە نەي ئاڭلاش
جياڭنەن ناخشىسى
مېڭ جياۋ........................................................104
باپكار ئايال نالىسى
ئاخشامدا لەيلىمە كوۋرۇكتە تۇرۇپ...
لى يۈي...........................................................106
يامغۇر تىلەش
خەن يۈي........................................................107
تۇۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ لەنگۇەنگە بارغاندا خەن شياڭغا ئاتاپ...
تاشلىق تاغدا
جاڭ جى.........................................................111
ئىپپەتلىك خېنىم ناخشىسى
جاڭ بى..........................................................113
دىخان بوۋاي
ليۇ يۈيشى........................................................114

بامبۇك شبخى قوشغى
تاشبالىق
قارا كىيىملىكلەر رەستىسى
بەي جۈيىي.................................................117
قاما جۇۋىلىق، سېمىز ئاتلىقلار
قەدىمىي يايلاقتا بېغىشلاپ
ئۇملىقتا
گۈل ئېلىش
پۈتمەس ئەلەم
بەرباپ نەزمىسى
كومۇرچى بوۋاي
چيەنتاڭ كولى بويىدا باھار سەيلىسى
ليۇ زۇگيۇەن.................................................155
قار ياققاندا دەريادا
ليۇجۇ راۋىغىدا توت ئايماق بېگىگە يوللانغان سالام
يۇەن جېن.................................................158
توقۇمىچى قىزلار ناخشىسى
لېتيەننىڭ جياڭجۇ ئايمىغىغا دوتەي ياردەمچىسى قىلىپ
چۈشۈرۈلگەنلىگىنى ئاڭلاپ
تاشقى ھەرەم
جيا داۋ.................................................162
ساڭگەندىن ئۇتكەندە

تاپالمىدىم دەرۋىشنى
**لى شېن**......................................164
ئىككى شېئىر
**ليۇ چا**......................................166
لەشكەرلىكتە
**سۈي خۇ**......................................167
ئاستانىدىكى نەنجۇاڭ كەنتىگە بېغىشلاپ
**لى خې**......................................169
ئاياغ مەھەللىدىكى باغچا
چاڭگۇدىكى يۇتۇرقى باغنىڭ يېڭى بامبۇك نوتىسىغا بېغىشلاپ
چۇشۇمدە ئەرشكە زىيارەت
يەنمېن دوتىيىگە بېغىشلاپ
لى پىڭنىڭ غوڭقا كۇيلىرى
**جۇ چىڭيۇي**......................................176
ئىمتىھان ھارپىسىدا جاڭ جى جاناپقا مەكتۇپ
**دۇ مۇ**......................................178
تاغدا يۇرگەندە
كۇز ئاخشىمى
خۇاچىڭ ئوردىسىدىن ئۆتكەندە
جياڭنەندە باھار
چىنخۇەي دەرياسى بويىدا توختاپ
**لى شاڭيىن**......................................182

يامغۇرلۇق تۈندە شىمالدىكى يارغا جاۋاپ
تېمىسىز
ساۋ يې.......................................................185
ئامبار چاشقىنى
لى شې.......................................................186
چوپان ناخشىسى
دەريا شەھىرىدە كەچكى بۇرغا ساداسى
ۋېن تىڭيۇن.......................................................188
ياشلارغا
لو يىن.......................................................190
مايمۇنچىنىڭ ئەمەلدار بولغانلىقىدىن تەسىراتىم
پى رىشيۇ.......................................................191
كاشتان تەرگۈچى مومايىنىڭ ھالىغا ۋاي
لۇ گۇيمېڭ.......................................................195
ۋەنلىڭدىكى ساياھەتمىنى ئەسلەپ
نيې يىجۇڭ.......................................................197
ئېكىنچىگە ئاتاپ
خۇاڭ چاۋ.......................................................199
جۈيخۇا گۈلگە بېغىشلاپ
دۇ شۇنخې.......................................................200
ۋۇ بەگلىكىگە ئۆزاتقاندا
تاغدىكى تۇل خوتۇن

خۇچېڭ ناھىيىسىدىن قايتا ئۇتكەندە
**ۋېي جۇاڭ**..........................................................203
جىنلىڭ مەنزىرىسىگە ئاتاپ
**ۋاڭ جيا**..........................................................205
ھېيت كۈنى
**چىن تاۋيۈي**..........................................................207
يوقسۇل قىز
**گې ياڭېر**..........................................................208
يارنى سېغىنىپ
تەرجىماندىن..........................................................209

# ۋاڭ بو

ۋاڭ بو (مىلادى 650 ـــ 676 ـ يىللار) جياڭجۇ ۋىلايىتىنىڭ لۇڭمېن (هازىرقى سەنشى ئۇلكىسىنىڭ خېجىن ناھىيىسىگە يېقىن جاي) ناھىيىسىدىن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ 6 يېشىدىلا يېزىقچىلىق مەشقىغە ئادەتلەنگەن، ئۇ تاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مەشھۇر ياش شائىرلارنىڭ بىرى. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## تاغدا①

باستى دەرت، چاڭجياڭ ② ئارا بولغاچ قامال،
كەتكىلى يۇرتۇمغا ئىزلەيمەن ئامال.
تاغمۇ ـ تاغدا ئۇچۇرۇپ غازاڭلىنى،
ئىلكىگە ئالدى جاھاننى سوغ شامال.

[ئىزاھلار]

① ئاپتور يىگىرمە نەچچە ياشلىرىدا سىچۈەنگە بېرىپ بىر يىلدەك ساياھەتتە بولغان. بۇ شېئىرنى ئاپتور شۇ چاغدا يازغان.

ئاپتور ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتتا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قالغانلىقىدىن، ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ، قايتىپ كېتىشكە ئىنتىزار بولىدۇ. بۇ شېئىردا ئاپتور ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قايتىش ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئىزهار قىلىدۇ.

② چاڭجياڭ — هازىرقى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ساھىلىنى دېمەكچى.



# ياڭ جيۇڭ

ياڭ جيۇڭ (ملادى 650 ــ ؟ ـ يىللار) دەسـلەپكى تاڭ دەۋرىـدىكى شائىـر بولۇپ، خـۇايىن (هـازىرقى شەنشى ئۆلكىـسىنىڭ خـۇايىن) ناهىيىسىدىن. دەسلەپتە ئۇ پايتەختتە كىچىك بىر ئەمەلـدار بولغان، ئۇ چاغدىكى ئوردا تۈرىلىرىنىڭ ساختا ئىستىلىدىن نارازى بولغاچقا، چەتكە قېقىلغان. كېيىنكى چاغلاردا بولسا زىجۇ (هازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ سەنتەي ناهىيىسى ئەتـراپى)غا، ۋۇجۇنىڭ يىڭـچۇەن (هازىرقى جېجياڭ ئۆلكىـسىنىڭ جىنخۇاجياڭ دەرياسى ۋادىـسىدا) دىـگەن يېرىگە بېرىپ يەرلىك ئەمەلدار بولغان. ئۇ بەش بوغۇملۇق ئەندىزىلىك شېئىر يېزىشقا ماھىر ئىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## لەشكەرلىكتە①

كەلدى غەربىي ئاستانىـنى② يورۇتۇپ گۈلخان،③  
بۇنى كۆرۈپ جان ـ جېنىمغا ئولاشتى پىغان.

چەۋەندازلار چىلىڭ قاپىدى ئەجدەر④ بالىقنى،  
خان سارايىدىن چىققىشغا لەشكىرىي پەرمان.

جەڭ دۇمبىغى بوران ئارا ئاڭلىنار پات-پات،
خىرە ئەتتى جەڭ تۇغىنى قار ۋە شۇۋىرغان.

ئەلا ماڭا تالىپ بولۇپ ئۇمۇر سۇرگەندىن
ئاتلىنىپ جەڭ مەيدانىغا ئۇن بېشى بولغان!

[ئىزاھلار]

① لەشكەرلىكتە — شېئىرنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئورتاق تېما ھىساپلىنىدۇ. تۇۋەندىمۇ شۇنداق.

② غەربىي ئاستانە — شۇ چاغدا غەربىي ئاستانە دەپ ئاتىلىدىغان چاڭئەننى دىمەكچى. غەربىي ئاستانە شەرقىي ئاستانىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ھازىرقى شىئەن شەھىرى يەنى چاڭئەن غەربىي ئاستانە دەپ، ھازىرقى لوياڭ شەھىرى شەرقىي ئاستانە دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. تۇۋەندىمۇ شۇنداق.

③ گۇلخان — قەدىمقى دەۋرلەردە دۇشمەن تاجاۋۇزىدىن بېرىدىغان بەلگە-سىگنال. شۇ دەۋرلەردە دۇشمەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە كۈندۈزى ئىس-تۈتۈن بىلەن، كېچىسى گۇلخان بىلەن بەلگە بېرىش ئادەت بولغان.

④ ئەجدەر بالىق قەدىمقى ھونلار دۇئايى-تەكبىر ئېيتىپ سىغىنىدىغان جاي بولۇپ، بۇ يەردە كوزدە تۇتۇلغىنى شۇ چاغدىكى تۇركلەرنىڭ مۇھىم جايى.

# چىن زىئاڭ

چىن زىئاڭ (مىلادى 661 — 702 ـ يىللار) تاڭ سۇلالىسى زامانىدىكى رىيالىزىملىق شېئىرىيەتنىڭ پېشىۋاسى بولۇپ، زىجۇ ۋىلايىتىنىڭ شېخۇڭ (هازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىگە تەۋە) دېگەن يېرىدىن. ۋۇزېتيەن پادىشا بولغاندا ئۇ ئەمەل تۇتقان. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىنى ئىسلاھ قىلىش ئىدىيىسىدە دولەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق بىرمۇنچە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تەكلىپلەرنىڭ ھېچقايسىسى قوبۇل قىلىنمىغان. ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزىرىيىسى جەھەتتە، شېئىردىيەت رىياللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ، چى ۋە لياڭ بەگلىكى دەۋرىدىكىدەك چۈشكۈن شەكىلۋازلىق ئادىتىنى قوللىنىشقا قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ شېئىر ـ نەزمىلىرى مەردانە ۋە جۇشقۇن بولۇپ، تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى ئۈچۈن يېڭىچە ئۇسلۇپ يارىتىپ بەرگەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## يۇجۇ راۋىغا چىققاندا[1]

باقمەن ئارقامغا، ئەجداتلار قېنى؟
باقمەن ئالدىمغا، ئەۋلاتلار قېنى؟

ئۈچ-چېكى يوقكەن جاھاننىڭ، ئويلىسام،
تۈتتى ھەسرەت يىغىغا قىستاپ مېنى!

[ئىزاھ]

① يۇجۇ — ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى.

مىلادىنىڭ 696-يىلى ۋۇزېتيەن جيەنئەن بېگى ۋۇ يۇيىنى كىدانغا قارشى ھەربى يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىدۇ، چېن زىئاڭ شۇ قوشۇنغا سەنمۇ بولۇپ بارىدۇ. ۋۇ يۇيى ئاقسوڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا ھەربى ئىشلاردىن ھېچقانداق خەۋىرى يوق بولۇپ، چېن زىئاڭ ئۇنىڭغا ئوبدان ئەقىل كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، ۋۇ يۇيى ئۇنىڭ پىكىر-مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ شېئىرنى ئاپتور كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچراش سەۋەبى بىلەن يازغان. ئاپتور قەدىمقى زاماندىكى لې يى، يەن بەگلىكىنىڭ بېگى يەن جاۋۋاڭدەك باتۇر كىشىلەرنى كۆرەلمەي قالغانلىقىنى، كېيىنكى ئەزىمەتلەرنىمۇ كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، قاتتىق ھەسرەتلەنگەن. شېئىردا ئاپتورنىڭ دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىشكە تەلپۈنىدىغان قىزغىنلىقى ئىپادىلەنگەن.

## خې جژجاڭ

خـې جـژجاڭ (مـىلادى 659 ــ 744 ـ يىلـلار) گۇيـجى (هازىرقـى جېجياڭ ئۆلكـىسىنىڭ شاۋشىڭ) ناهىيـىسىدىن بولۇپ، ياش ۋاقىتلىرىدىلا ئەدىپلىكـتە داڭ چىـقارغان. ئۇ لـى بەي بىلەن يېـقىن دوست بولۇپ ئۆتكەن، ئوتتۇرا ياش ۋاقىتلىرىدىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ دەرۋىش بولۇپ كەتكەن ھەمدە ئۆزىگە "سىمىڭدىكى مەجـنۇن" دەپ نام قويۇۋال-غان. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## يۇرتۇمغا قايتقاندا

يۇرتۇمغا ياندىم ياشنىپ، چىققاندا مەن ئىدىم گودەك،
ئاقاردى چېكە چاچلىرىم، گەپ-سوزلىرىم ئاۋالقىدەك.
"مېھمان قاياقتىن ئۆزلىرى؟" دەيـدۇ سوراپ شوخ باللار،
ئۇلار ساناشقان چېغى بار ئەسلىمنى يات-يىگانىدەك.

# مېڭ خاۋرەن

مېڭ خاۋرەن (مىلادى 689 ـــ 740 ـ يىللار) شياڭياڭ (ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شياڭفەن) ناھىيىسىدىن بولۇپ، 40 ياشقا كىرگىچە شياڭياڭنىڭ يېنىدىكى لومېنشەن دىگەن جايدا بىلىم ئالغان ۋە شېئىر ـ نەزمە يازغان؛ 40 ياشقا كىرگەندە شۇ چاغدىكى پايتەخت بولغان چاڭئەنگە ساياھەتكە بارغان. ئۇ ۋاڭ ۋېي دىگەن يەنە بىر شائىرنىڭ ئاغىنىسى بولۇپ، 5 بوغۇملۇق شېئىر ـ نەزمىلەرنى يېزىشقا ماھىر ئىدى، ئۇنىڭ تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەن شېئىر ـ نەزمىلىرى ناھايىتى داڭلىق. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## دوستۇمنى يوقلاپ سەھراغا بارغاندا

چىللىدى سەھراغا دوستۇم ئۆيىگە،
راسلىتىپ توخۇ گوشى، سوكتىن تائام.

مەلىسىنىڭ چەتلىرى بوستان ئىكەن،
سىرتىنى ئوراپتۇ كوپ ـ كوك تاغ تامام.

مەي بىلەن چۈشتۈق پاراڭغا زوقلىنىپ،
خامنى مول ،باغ ئىككەن هويلا ـ ئارام.

ئالدىمىزدا بولسا چۈگۈياك بايرىمى،
كېلىمەن گۈل سەيلىسىگە مەن داۋام.

## باهار ئەتىگەنلىگى

ئۈيقۇلۇق، سەزمەپتىمەن ئېتىپتۇ تاڭ.
كەلتۈرۈپتۇ قۇشلىمۇ ئەتراپنى چاڭ.
تۈن بويى ياققان ئىدى يامغۇر ـ يېشىن،
قانچىلىك ياپراق ـ چېچەك چۈشكەنكى تاڭ!



# ۋاڭ جژخۇەن

ۋاڭ جژخۇەن (مىلادى 688 — 744 - يىللار) جياڭجۇ (ھازىرقى مەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىنجياڭ ناھىيىسى) دىگەن جايدىن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا گاۋ شى، ۋاڭ چاڭلىڭ دىگەن شائىرلار بىلەن تەڭ نامى چىققان. ۋاڭ جژخۇەنمۇ ئاشۇ شائىرلارغا ئوخشاشلا چېگرا رايون تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەشتە داڭ چىقارغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەيۋەتلىك، قىزغىن ۋە جۇشقۇن بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى ناھايىتى ئاز. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## لياڭجۇ نەزمىسى①

كىرگەن بۇلۇتلار قەرىگە خۇاڭخې يىراقتىن تولغۇنۇپ،
تەنها شەھەرنى② قورشىغان ئاسمان پەلەك تاغ جەم بولۇپ.
شۇ «تالى مەجنۇن»③ كۈينى ياڭراتمىغىن چياڭ نېيىدىن،④
كەلمەيدۇ كوكلەم شاملى تاش قاپقىغا⑤ ئىللىق ئۇرۇپ.

# لەگلەك راۋىغا⑥ چىققاندا

بولدى غايىپ، موكتى كۆن تاغ كەينىگە،
ئاقتى خۇاڭخېمۇ دېڭىزنىڭ قەرىگە.
يەنىمۇ يىراققا تەلپۈنسەڭ ئەگەر،
ئۆرلىگىن ئاندىنمۇ يۈكسەك پەللىگە.

[ئىزاھلار]

① لياڭجۇ نەزمىسى — قەدىمقى دەۋردىكى ناخشىلارنىڭ بىر تۈرى؛ لياڭجۇ — ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسى.

② تەنھا شەھەر — لياڭجۇ شەھىرىنى دېمەكچى.

③ «تالى مەجنۇن» — قەدىمقى دەۋردىكى بىر خىل ناخشا ئاھاڭى بولۇپ، كۆپىنچە قايغۇ-مۇڭنى ئىپادىلەشتە ۋاستە قىلىناتتى.

④ چياڭ نېيى — قەدىمقى دەۋردىكى چياڭزۇ مىللىتىنىڭ بىر خىل چالغۇ ئەسۋاۋى.

⑤ تاش قاپقا — يۈمېنگۋەنى دېمەكچى، ئۇ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۈنخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

⑥ لەگلەك راۋىقى — ئەسلى ئورنى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يۇڭجى ناھىيىسىدە.

# ۋاڭ چاڭلىڭ

ۋاڭ چاڭلىڭ (مىلادى 698 ــ 765 ـ ؟ يىللار) تەيىۋەن (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدە) شەھىرىدىن. ئۇ خېلى بالىدۇرلا شېئىرىيەتتە داڭ چىقارغان، تەشرىپىدارلىقتا ئوتتۇپ ئەمەلدارمۇ بولغان. كېيىنچە ئۇز يۇرتىغا قايتىپ كېتىپ، يۇرتىدا يەرلىك ئەمەلدار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتكەن شائىرلار ئىچىدىكى يەتتە بوغۇملۇق قىتئە يېزىش ماھىرى بولۇپ، جۇشقۇن، جاسارەتلىك، تەسۋىرى ئىنچىكە شېئىرلارنى يازغان. ئۇ چېگرا رايونلاردىكى ئۇرۇش ۋە تەبىەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەشكە ئۇستا ئىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈچ شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# لەشكەرلىكتە

## (ئىككى شېئىر)

### 1

كوكنۇر① بويىدا تاغنى② تۇمان قاپلىغان قات ـ قات،
باقىمىز يىراقلاردىن تاش قاپقا③ تامان پات ـ پات.

جەڭ قىلىپ باياۋاندا جۇلجۇل بولـدى ساۋۇتلار،
يانماق يوق ئاخىر جەڭدىن قىروران④ بولمىسا بەربات.

## 2

بوران-قۇم دەستىدىن چولدە قۇياش نۇرى خىرەلەشتى،
لاگىردىن چىقتى لەشكەرلەر، شامال تۇغلارنى يوگەشتى.
ئاۋانگارتلار زەپەر قىپتۇ كېچە تاۋخىـي⑤ شىمالىدا،
خەۋەر كەلدى   تۇيۇخۇن⑥ باشلىغى قولغا تىرىك چۇشتى.

# چېگرا ناخشىسى

تاكى خەن، چىن⑦ دەۋرىدىن قورۇلغا نۇر سەپتى قەمەر،
يانمىدى چېگرا تامان كەتكەنلىمۇ بىرىپ خەۋەر.
هەددى يوق خۇر⑧ ئىتىـنىڭ ئوتمەكـكە يىنشەندىن⑨ قەدەم،
بولسىلا لى گۇاڭ⑩ كەبى سەركەردىـمىز بىزدە ئەگەر.

[ئىزاھلار]

① كوكنۇر ـــ هازىرقى چىڭخەي ئولكىسىدىكى بىر كولنىڭ ئىسمى.

② تاغ ـــ چىلىيەنشەن تېغى كوزدە تۇتۇلىدۇ.

③ تاش قاپقا ـــ هازىرقى يۇيمىنگۇەن.

④ قىروران ـــ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايوندىكى ئاز سانـلىق مىللەت هاكىمىيتى، هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى پىچان ناهىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

⑤ تاۋخې ــ هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدە.

⑥ تۇيۇخۇن ــ قەدىمقى زاماندا هازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىدە ياشىغان بىر قەبىلە بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ كاتتىۋېشىنى دىمەكچى.

⑦ خەن، چىن ــ خەن سۇلالىسى ۋە چىن سۇلالىسى دىمەكچى.

⑧ خۇر ــ قەدىمقى دەۋرلەردە خەنزۇلار شىمالدىكى مىللەتلەرنى شۇنداق ئاتىغان.

⑨ يىنشەن ــ هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى بىر تاغ.

⑩ لى گۇاڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە چېگرا قورۇلنى ساقلاشتا داڭ چىقارغان سەركەردە بولۇپ، "ئۇچار سەركەردە" دەپ نام ئالغان. بۇ يەردە ئاپتور جاسارەتلىك، قابىل يېتەكچى دىگەن مەنىدە ئىشلەتكەن.



# ۋاڭ ۋېي

ۋاڭ ۋېي (مىلادى 701 — 761 - يىللار) تەييۇەن (هازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدە)نىڭ چى دىگەن يېرىدىن. ئۇ كوپ تەرەپلىمە ماھارەتكە ئىگە سەنئەتكار بولۇپ، مۇزىكىغا ئۇستا، شېئىرىيەتتىمۇ، رەسساملىقتىمۇ كارامەت داڭ چىقارغان. ئۇنىڭ يېزا - قىشلاقلارنى تەسۋىرلەيدىغان شېئىر - نەزمىلىرى ناھايىتى يۇقىرى بەدىئى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن، شۇڭا بەزىلەر ئۇنى "نەزمىسىدە رەسىم مەنزىرىسى بار، رەسىمىدە نەزمە پۇرىقى بار" دەپ ئېيتىشىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ بەزى شېئىر - نەزمىلىرىدە پاسسىپ كەيپىيات ئىپادىلەنگەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۇچ شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## كىيىك ماكانى

تاغدا پىنھاندا چېلىقماس ھىچ كىشى،
ئاڭلىنار قاياقتىدۇ گۇدۇڭلىشى.
چاقنىتار مۇخلاردا نۇرنىڭ ئەكسىنى،
شاخ ئارا كەچكى شەپەقنىڭ شۇڭغىشى.

# شىكار سەيلىسى

كاماندىن ئوق ئۇچىدۇ شامال بىلەن شىددەتتە،
شىكار قىلار ۋېيچېڭدا① شىكار خۇمار سەركەردە.②

تاقىر سايدا ئوتكۇردۇر ئالمان قۇشنىڭ كوزلىرى،
ئويناقلايدۇ ئاتلىرى قار ئېرىگەن يەرلەردە.

رەستىسىدىن شىنفېڭنىڭ③ خوشال يايراپ ئوتۇپ ئۇ،
قىرچىن تاللىق قەلئەدە④ پەيدا بولدى بىر دەمدە.

باقسام سەييات ئوق ئۇزۇپ شۇڭقار ئاتقان جايغا مەن،
كەچكى تۇمان ئېسىپتۇ سۇس، گىرىمسەن دەرپەردە.

# چېگرىغا هال سوراپ بارغاندا

هارۋىدا جۇيىيەننى⑤ يول-ئوتەڭ قىلىپ،
ئەلچى بوپ چېگراغا ماڭدىم هال سوراپ.

بارىمەن تۇرنا، بىسلىغاقتەك ئۇچۇپ،
خەن يېرىدىن⑥ خۇر دىيارىغا ئۇزاپ.

كى ئۇزۇن دەرياغا دوگلەك كۆن پاتار،
چول ئارا كۆلخان يانار، ئىس پۇرقىراپ.

ئۇچرىشىپ شياۋگۇەندە⑦ چارلامچى بىلەن،
ئاڭلىسام يەنرەندىكەن⑧ دوتەي جاناپ.

[ئىزاھلار]

① ۋېيچېڭ — ھازىرقى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ قەدىمقى ئاتىلىشى بولۇپ، شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

② سەركەردە — شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربى قوشۇن باشلىغى.

③ شىنفېڭ — جاي ئىسمى، ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى لىنتۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.

④ قىرچىن تاللىق قەلئە — چاڭئەن شەھرىگە يېقىن بولغان كۆنمىڭ كولىنىڭ جەنۇبىدىكى تال ـ بوستانلىق بولۇپ، ئۇنى تالزارلىق دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇ يافۇ دىگەن مەشھۇر سەركەردە ئاشۇ جايدا لەشكەر تۇرغۇزغان، شۇڭا ”قىرچىن تاللىق قەلئە“ دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن.

⑤ جۇيېەن — شەھەر ئىسمى، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جاڭيې ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

⑥ خەن يېرى — خەنزۇلار جايلاشقان جايلار.

⑦ شياۋگۇەن — ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى بىر جاي.

⑧ يەنرەن — تاغ ئىسمى، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە. بۇ يەردە ئالدىنقى سەپ دىگەن مەنىدە.

# لى بەي

لى بەي (مىلادى 701 — 762 - يىللار) ئېلىمىز تارىخىدىكى ئۇلۇغ شائىردۇر. خەلق ئارىسىدا لى تەيبەي (لى بەي) ئاجايىپ مەردانە ۋە قەدىرلىك ئادەم دېگەن سۆزلەر تارالغان. لى بەينىڭ بوۋىلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تيەنشۈي ناھىيىسىگە يېقىن بىر جاي بولۇپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇنىڭ ئائىلىسى غەربىي رايونغا كۆچۈپ كەتكەن، لى بەي ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سويات شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. سويات شەھىرى شۇ چاغلاردا تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنشى تۇتۇق بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولغان. لى بەي 5 ياش ۋاقتىدا ئاتىسى بىلەن بىللە سىچۈەن ئۆلكىسىگە كۆچۈپ كەلگەن ھەمدە شۇ يەردە چوڭ بولغان. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئۇ يەنە خۇبېي، خۇنەن، جياڭسۇ، شەندۇڭ، سەنشى، ئەنخۈي، جېجياڭ قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلىپ يۈرۈپ، نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان ھەمدە مەشھۇر شائىر بولۇپ تونۇلغان. ئۇ 40 ياشلارغا كەلگەندە پايتەختكە كىرگەن، شۇ ۋاقىتتىكى پادىشا لى لۇڭجى (شۈەنزۇڭ خان) ئۇنى ئوردا مىرزىخانىسىغا باش مىرزا قىلماقچى بولغان. لى بەي چوڭ ئەمەلدارلارنى پىسەنتكە ئالماي، خان ھوزۇرىدا ئىشلەيدىغان كىشىلەر (جۈملىدىن خاننىڭ كىچىك خوتۇنى)نىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقتىن، پايتەختتە 3 يىل تۇرمايلا قوغلاپ چىقىرىلغان. ئۇ لوياڭدىكى ۋاقتىدا شۇ

دەۋردە داڭ چىقارغان يەنە بىر ئۇلۇغ شائىر دۇ فۇ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ياخشى دوستى بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە مەملىكەت-نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇزاق مۇددەت ساياھەت قىلغان. ئەن لۇشەن (ئوڭلۇك) توپىلىڭى كۆتىرىلگەندىن كېيىن، ئۇ لى لىن (يۇڭۋاڭ)نىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش قوشۇنىغا قاتناشقان، كېيىن سۇزۇڭ (لى خېڭ) خان، لى لىن مەن بىلەن خانلىق تالىشىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلىۋەتكەن، لى بەينىمۇ گۇيجۇغا سۈرگۈن قىلغان. لى بەي سۈرگۈندە كېتىۋاتقاندا يېرىم يولدا كەچۈرۈم قىلىنغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەنخۇيغا قايتىپ كېلىپ داڭتۇ دېگەن جايدا ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ناھايىتى جىق شېئىرلارنى يازغان، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئون ئىككى پارچە شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## خوشلىشىپ چىقتىم سەھەر بەيدى بىلەن*

خوشلىشىپ چىقتىم سەھەر بەيدى① بىلەن شەپەق ئارا②،
يېتىمەن مىڭ لى يىراق جياڭلىڭغا③ مەن بىر كۈندىلا.
قاشتا مايمۇنلار ساداسى ئاڭلىنىپ قالدى، بىراق،
قاتمۇ-قات تاغلاردىن ئۆتتى قولۋىغىم بىر دەمدىلا.

---

* بۇ شېئىرنى لى بەي قاماقتىن بوشىتىلغاندىن كېيىن قايتىش سەپە-رىدە چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە يازغان.

# جىنمىندا خوشلىشىش

بىسىپ جىنمىن④ تىغىنى مەن بۇ يان كەلدىم،
قەدىم چۇكودا⑤ بولماقتا زىيارەتكە.

ئۇلاشتى تۈزگە تاغ ئاخىر بولۇپ غايىپ،
ئەزىم دەريا⑥ ئۆزىنى تۈزدى سۈرئەتتە.

قەسىر سالدى⑦ شەپەقلەر سۇدا بىردىنلا،
تولۇن ئاي جىلۋىلىك ئۆيىندى ئەينەكتە.

ئانا يۇرتۇڭ سۈيىنى ئەتىۋا بىلگىل،
سېنى يەتكۈزگۈسى مەنزىلگە ئەلۋەتتە.

# لۇشەن شاقىراتمىسىنى تاماشا قىلىش⑧

بىنەپشە رەڭ تۇمان ئورلەر شۇ ئىسرىقدانغا⑨ كۈن چۈشسە،
ئېسىلغان شاقىراتما تىك يىراقتىن ئۇڭا كوز تىكسە.
تۇرار سەكرەپلا ئۈچ مىڭ چى ئېگىزدىن باغرى دەرياغا،
گويا ئاسمان يولى⑩ ئەرشتىن غۇلاۋاتقان كەبى پەسكە.

# سېرىق تۇرنا راۋىغىدا[11] مىڭ خاۋرەنىنى[12] گۇاڭلىڭغا[13] ئۇزىتىش*

قەدىناس دوست تېپىپ سائەت ئۇچىنچى ئاي باھارىدىن،
راۋان بولدى شۇ گۇاڭلىڭغا سېرىق تۇرنا راۋاغىدىن.
ئۇپۇق بويلاپ ئاقار چاڭجياڭ لومۇلدەپ شەرق تامانىغا،
قاراسى يۇتتى يەلكەنىنىڭ ئۇپۇقنىڭمۇ يىراغىدىن.

---

* بۇ شېئىردىمۇ ۋە «تيەنمېن تېغىغا نەزەر» دىگەن شېئىردىمۇ ئاپتور چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ مەنزىرىسىنى ۋە يەلكەنلىك قولۋاقنى تەسۋىرلەيدۇ. تەسۋىرلىگەن جاي ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ئوخشاشمايدۇ: بۇ شېئىردا لىرىكا ئاساسي ئورۇندا تۇرىدۇ، كېيىنكىسىدە بولسا مەنزىرە تەسۋىرى ئاساسي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئىككى شېئىرنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇشقا بولىدۇ.

# چاڭگەن نەزمسى*

سېكملىگىم ماڭلىيمغا چۈشكەندە،
گۈللەر ئۈزۈپ ئوينار ئىدىم گۈلشەندە.

كېلەتتىڭىز تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ،
قوغلىشاتتۇق قاشالارنى ئايلىنىپ.

چاڭگەندە بىز بىر مەلىدە چوڭ بولدۇق،
كوڭلىمىز ئاق خۇددى قوشماق، ئوڭ بولدۇق.

ئون توت ياشتا بولدۇم سىزگە مەن ياتلىق،
يۈزۈم توۋەن بىر قىز ئىدىم ئۇياتلىق.

---

* چاڭگەن نەزمسى — قەدىمقى دەۋردىكى بىر خىل ئەنئەنىۋى تېما. جياڭسۇ ئولكىسىدىكى نەنجىڭ شەھىرىنىڭ چىنخۇەي دەرياسى بويىدا ئەينى ۋاقىتتا چاڭگەنلى دىگەن جاي بولغان. نەزمنى شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتاش ھەمدە ناخشا قىلىپ ئوقۇش ئادەت قىلىنغان. توۋەندە بېرىلگەن «چاڭگەن نەزمسى»مۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەندە.

بىشىم سىلىپ باقار ئىدىم تامغىلا،
قايرىلمايتتىم، مىلىك چاقىرسا زادىلا.

ئۇن بەش ياشتا ئاستا ئىچىلـدىم،
سىزگە چىندىن ئاخىرەتلىك قىتىلدىم.

سىزدە تۇرسا كۆرۈكتىكى ساداقەت⑭،
دوگگە چىقماق ماڭا بولغاي نە ھاجەت⑮؟!

ئۇن ئالتىدە، ئۇقەت بىلەن كەتتىڭىز،
يەنىيۇدۇي ھەم چۇيتاڭلاردىن⑯ ئۆتتىڭىز.

ماي ئايلىرى ئۇ ئوتكەلـلەر خەتەرلىك،
مايمۇنلارمۇ چىقىرىشار ھەسرەتلىك.

ئاياق ئىزى چۈشكەن ھويلام ئالدىدا،
قاتار مۇخلار ئۈندى ئەمدى بارىدا.

سۇپۇرگەنگە مۇخ يىلتىزى چىقمىدى،
شامال سوقۇپ شاختا ياپراق تۇرمىدى.

ئاۋغۇست چىغى ئىچىلغاندا گۈل-چىچەك،
جۇپ-جۇپ ئۇچار باغلار ئارا كىپىنەك.

كېپىنەكلەر يارا قىلدى كوڭلۇمنى،
غەم ـ دەرتلىرىم خازان قىلدى ھوسنۇمنى.

ئۇيگە يانماق ئىزدىسىڭىز سىز ئەگەر،
ماڭا دەرھال يوللۇۋېتىڭ خوش خەۋەر.

نە بولسىمۇ ئالدىڭىزغا بارىمەن،
چاڭقىبېڭشاغا⑰ بارغىلىمۇ رازىمەن.

## تەس ئىكەن سىچۇەن يولى*

ئەيىۇھەنناس! زەپ خەتەرلىك، تىك داۋان!
تەس ئىكەن سىچۇەن يولى ئاسمانغا چىقماقتىن قەۋەت!

يۇ فۇ، سەن سۇڭ بىر زامانلار ئىلگىرى،
يۇرت سوراپ، تىكلەپتىكەن ھاكىمىيەت.⑱

---

* تەس ئىكەن سىچۇەن يولى ــ قەدىمقى بىر ناخشا شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا كوپىنچە سىچۇەن يولىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى مەزمۇن قىلىنغان.

تۈت تۈمەنگە قوشۇلۇپ ئۆتتۈپتۇ يىل سەككىز مىڭى،
چىن دىيارىغا بېرىش بولماپتۇ ھېچكىمدە پەقەت.⑲

بار ئىكەن قۇش يوللا تەيبەيدە⑳ ــ شىيەنياڭ غەربىدە،
يەتكىلى ئېمېيغا㉑ ئاز ئىنسان ئۈچۈن ئىمكانىيەت.

يېرىلىپ تاغ ـ يەر ئۈچ چاغ، قازا تېپىپ بەش پەھلىۋان،
جىلغىلاردا ئاسما يول، پەلـلە ياسالغان ئاقىۋەت.㉒

ئۈستى تىك داۋان ئىكەن ئوتەلمىگەن كۈن ـ ئەجدىھا،㉓
ئاستىدا شىددەت ئېقىم ياساركەن چوگىلەپ.

ئوتكىلى قادىر ئەمەس ھەتتا سېرىق تۇرنا ئۈچۈپ،
غەم باسار مايمۇنىمۇ ياماشقىلى قىلسا نىيەت.

ئوي ۋە دوڭ، پاتقاق ئىكەن چىگىنى تېغى،
يۈز قەدەمدە جەزمىدۇر ئايلانمىغىلىق ئون نەچچە رەت.㉔

قول يېتەر يۇلتۇزغا سوزساڭ، كېتسەن ھالدىن شۇ ئان،
قالسەن كوكسۇڭ تۇتۇپ، جىم ئولتۇرۇپ چەككەنچە دەرت.

غەربىي ياققا گەر سەپەر قىلساڭ يانارسەنكىن قاچان؟
ئۇ خەتەرلىك يول ـ داۋانلاردا يۈرۈش بولماس ئاسان!

چىشى قۇش ئەگىيدۇ شاخنى، ئەركىگى قوغلار سۇرۇپ،
قىلىشار كاداڭ دەرەخ ئاراسىدا نالە-پىغان!

سايرىشار كاككۇك كوزىدىن قان تېمىپ،
مۇڭدىدۇر ئاي شولىسى، تاغۇ-داۋان!

تەس ئىكەن سىچۇەن يولى ئاسمانغا چىقماقتىن قەۋەت.
بۇنى بىرلا ئاڭلىغاننىڭ رەڭگىدە قالمايدۇ قان!

قاتمۇ-قات تاغلارمۇ كەلمەس كوك بىلەن بىر چى تېخى،
ھاڭ قىيالار باغرىدا قارىغاي ئوسۇپتۇ پەس سايان.

تېز ئېقىن ھەم شاقىراتما بەسلىشىپ شاۋقۇن سالار،
تاشقا سۇ تەككەندىكى ساداسىدۇر چاقماق-بوران.

ياپىرىم، ۋەھشەت خەتەرلىك جاي ئىكەن.
كەلمىگىڭ ھاجەت نىمە شۇنچە يىراقلاردىن بۇ يان؟

شۇنچە ھەيۋەت كوككە تاقاشقان ئىكەن جىيەنگې تېغى، [25]
يول ئېلىپ يۇرەلمىگەي ئون مىڭ كىشى،
بىرسى ئوتكەلنى بېقىپ تۇرغان چېغى.

بولمىسا ئۆز خانغا ئۆتكەل باققۇچى،
بورە بوپ ئادەمنىمۇ يەركەن تېخى.

ئەيلىگەي سەھەردە يولۇۋاستىن ھەزەر،
ھەر كىشى بۇندا يىلاندىن⑯ كەچ يېقى.

قان ئىچەرلەرنىڭ چىشى خەنجەر ئىكەن،
ئادىتى جانلارغا زامىن بولمىغى.

دىسىمۇ جىنچېكنى⑰ گەر باغى ئېرەم،
تەرك ئېتىپ، دەرھال كېتىشكەن ئىش ئېپى.

تەس ئىكەن سىچۇەن يولى ئاسمانغا چىقماقتىن قەۋەت،
غەربىي ياققا قارىسا، پۇتمەيدۇ ئاھۇ-ھەسرىتى!

## شۈەنجۇدىكى شىي تياۋ راۋىغىدا ئوردا مۇھەررىرى لى يۈن تاغا بىلەن خوش-لىشىش شەرىپىگە زىياپەت بەرگەندە⑱

مېنى تەرك ئەيلەپ كېتىپ قالدى ئاخىر—
تۈنۈگۈننى بولمىدى زىنھار بۇگۈنگە قالدۇرۇپ.

ئەمدىكى كۈنلەر تېخى نى كويدا مەن —
دەرت ـ ئەلەملەردىن كوڭۈل تاپماس ئېمىنلىك، قايغۇرۇپ.

تۈرنىلارنى يولغا سالدى غۇقراپ كۆز شاملى،
بۇ راۋاقنا مەي ئىچىش پەيتى يۈرەكنى قاندۇرۇپ.

بەرق ئۇرۇپ پېڭلەيدە جيەنئەن نەزمىسى⑳ چاچتى پۇراق،
چىقتى شياۋشيې⑳ ئاردىن زەپمۇ مېنى شاتلاندۇرۇپ.

ئىنتىلىپ ساماغا تەك ئۇچماققا بولدۇق ئىنتىزار،
كوكتىن ئاينى ئۈزگىلى ئالەمنى هاك ـ تاك قالدۇرۇپ.

سۇنى بولسەم خەنجىرىمدە، ئاقتى سۇ ئاندىنمۇ تېز،
مەينى ئىچسەم كەيپ سۈرەي دەپ، قويدى غەمنى ئارتتۇرۇپ.

تەس ئىكەن ئۆمرىدە هەركىمنىڭ مۇراتقا يەتمىگى،
كېزىمەن مەجنۇن كەبى ئەتە قېيىقتا ئولتۇرۇپ.

## مەي ـ شاراپ ئىچەيلى!

كورمىدىڭمۇ كوز سېلىپ،
ئەرشتىن چۈشكەن پېتى㉛ خۇاڭخې سۈيى ئۇركەشلىنىپ،
كەڭ دېڭىز ۋەسلىگە يەتكەنچە يەنە كەلمەس يېنىپ!

كورمىدىڭمۇ ھەم تېخى—
چوڭ-ئۇلۇغلار ئەتىگەن ئەينەكتە قارا چاچ تۇرۇپ،
كەچتە قار بولارىدىن كەتكەنلىگىن غەمگە پېتىپ؟

ھەر نەپەس ئۆتكەي خوشال ئىنسان ھاياتلىق بابىدا،
قالمىسۇن ئايدىڭدا بوش زەر رومكا، دىل ئارمانىدا؛

قىسمىتىمنى بىللە پۈتكەن مېنى ياراتقان ئىگەم،
قانچە كەتسە مال-پۇلۇم قايتا ئالالايمەن يىغىپ.

قوي، كالا سويۇپ راسا خۇش خۇي تاماشا قىلغۇلۇق،
ئىچكۈلۈك شاراپنىمۇ ئۈچ يۈز قەدەھچە لىپمۇ-لىپ.

سېن شۇن قەدىردان ئىچ شاراپ،
دەن چيۇ㉜مۇ جىم ئولتۇرمىسۇن!
مەينى ئىچەيلى قانغىچە،
قەدەھ بىكار-بوش تۇرمىسۇن!

ئەن سېلىپ بېرەي سىلەرگە ئەمدى مەن،
ئاڭلىغايسىزلەر ئۇنى دىلنى بېرىپ، سېلىپ قۇلاق.

نەغمە بىلەن يىسە كىم ئالى غىزا ئۆمرى بىكار،
كەيىپ بولۇپ يۈرسەم خوشال مەستانىلىقتا ھەممە ۋاق.

نام ـ نىشانسىز كەتتى تارىختىن جىمى خان ـ ئەۋلىيا،
بىرغىنا مەيگە خۇمارلاردىن قالار شوھرەت ـ ئاتاق.

شاھى ساۋجىز[33] بىر زامان بەرگەن زىياپەت پىڭلىدا[34]،
كوڭلىنى شاد ئەيلىگەن خۇمار بىلەن ئىچىپ ھاراق.

ساقىنىڭ پۇل ـ مالى ئاز دىمە دۇكاندار غەم قىلىپ!
سەن بىلەمۇ ئىچىشەي، كەلگىن قىنى سوقۇشتۇرۇپ!

بار چىپار دۇلدۇل ئىتىم،
بىباھا قاما جۇۋام،
بۇيرۇيىن ئوغلۇمنى مەن ئالماشتۇرۇشقا مەي بىلەن،
كەل ئىچەيلى كەتكىچە غەم ـ غۇسسىدىن خالى بولۇپ!

## تيەنمىن تېغىغا نەزەر

كېسىپ تيەنمىننى[35] چورت چيۇجياڭ[36] ئۆتەر شىددەتتە ـ
شىددەتتە،
شىمالغا تولغىنار بىردىن بۇ يەر ھەيۋەتتە ـ ھەيۋەتتە.
گويا قىسماق كەبى قاشلار تۇرار دەريانى قىسقانچە،
قۇياش تاماندىن يەلكەن كىلەر شۇ پەيتتە ـ شۇ پەيتتە.

# يوللار قيين*

زەر قەدەھتەلىق شاراپ داچيەن ئالدى مىڭ-مىڭلاپ،
مەر-مەر تەخسە سەيگىمۇ پۇل تولىدىم ئۇن قاتلاپ.

قويۇپ قويدۇم چوكىنى، كوڭلۇم يوق مەي-غىزاغا،
خەنجىرىمنى سۇغاردىم يىراقلارغا كوز تاشلاپ!

ئوتەي دىسەم ئۇ يانغا، ئەزىم خۋاڭخې مۇزلاپتۇ،
چىقاي دىسەم تەيخاڭغا، كەتكەن ئۇنى قار قاپلاپ.

بىر بىپتىمەن چۇشۇمدە خانبالىققا مەشرىقتە[37]،
ئولتۇرۇپ سۇ بويىدا بىلىققا قارماق تاشلاپ.

يوللار ئەجەپ تەس ئىكەن، قيين ئىكەن شۇ قەدەر،
ئاڭلىغانتىم يول كوپ دەپ، نەدىن تاپاي مەن قاتراپ!

نى پايانسىز دېڭىزدىن ئاقۇەتتە ئوتەرمەن،
دولقۇنلاردا چارچىماي، ئۈزۈپ كەڭ غۇلاچ تاشلاپ!

---

* يوللار قيين — قەدىمقى خەنزۇچە ناخشا شەكلىنىڭ بىر خىلى.

# چۇشۇمدە تيەنمۇ تېغنى[38] زىيارەت قىلغانلىغىمغا بېغىشلاپ

دېڭىز ياقتىن كەلگەن خەقلەر دىيىشەركەن:
يەتمەك يىڭجۇ[39] ۋىسالىغا مانان ئىچرە تەس كارامەت؛

سوز ئاچسا گەر جېجياڭلىقلار تيەنمۇدىنمۇ،
شەپەقتە ئۇ گاھى غايىپ، گاھى زاھىركەن ئالامەت.

كوكنى چورتلا كەسكەن ئىمىش تيەنمۇ تېغى ھەيۋەت بىلەن،
ياپقان چىچېك تېغىنىمۇ[40]، بەش تاغدىنمۇ[41] چىققان ھالقىپ.

تيەنتەيشەنمۇ[42] بولغان بىلەن توت تۇمەن ھەم سەككىز مىڭ گەز،
تيەنمۇ تېغى ھوزۇرىدا تۇرار ئىكەن پەس قىيسىيىپ.

ۋۇ، يۇې[43] سايان سەپەر قىلدىم چۇشۇمدە شۇ تاغنى كوزلەپ،
ئەينەك كولگە[44] يەتتىم ئۇچۇپ بىر تۇندىلا ئاخىر ئىزلەپ.

كول ئۇيىنتىپ ئايدىڭ چېغى قامىتىمنى،
شەنشى[45] ياقا يولغا سالدى ھەم جىدەللەپ.

شىپ لىڭيۇننىڭ[46] قەدەمجايى ئۇز پېتىچە تۇرۇپتۇ ساق،
زىلال سۇلار ئويناپ ئاقار، چىقىرىشار مايمۇن ھە دەپ.

شىپ لىڭيۇننىڭ ياغاچ كەشىن كىيدىم ئەپلەپ،
كوك بۇلۇتنىڭ چىلىك قەرىگە چىقتىم ئورلەپ،

شەرقىي بەلدە[47] زاھىر بولدى دېڭىزدىن كۈن،
ئىلاھىي توخۇ[48] قاقاقلاشتى ئەرشتە ئەجەپ.

ئەگرى-بۈگرى، ئوڭغۇل-دوڭغۇل يوللار ئارا ھېرىپ قالدىم،
تاشقا تاياپ تىنىپ ئالدىم، گۈللەر ئويناپ شامغا قالدىم.

شىر، ئەجدىھار ھۆۋلاشلىرى تاغ-ئېقىننى بىرلا ئالدى،
قات-قات ئورمان سۈر ھەيۋىتى ۋۇجۇدۇمغا قورقۇنچ سالدى.

بۇلۇت-تۇمان ساڭگىلىشىپ نىشان بەردى ھول-يېغىندىن،
سۇزۇك مانان، بوغ ئورلىدى ئۇنچە-مارجان شوخ ئېقىندىن.

چېقىلغانلار چاقتى شىددەت، تاغ يېرىلدى بىردىن شۇ پەيت،
يېرىلدى تاغ شۇندا بىردىن،
چېقىن چېقىپ سالدى دەھشەت.

زاھىر بولدى زۇمرەتسىمان كەڭ سامادا ماڭا شۇ چاغ،
قۇياشنىڭ زەر نۇرلىرىدا چاقناپ تۇرغان سۇرلۇك راۋاق.㊾

چۇشتى سانسىز پەرىشتىلەر رەت-رەت بولۇپ قاتارلىشىپ،
يەلنى دۇلدۇل قىلىپ، نۇردىن جۇلالىنىپ كىيىپ قۇراق.

يولۋاسلار تەڭ ساز ياڭرىتىپ، ئەنقا-سۇمرۇغ ھارۋا تارتىپ،
پەرىشتىلەر كوز ئالدىمدىن سەلتەنەتتە ئوتتى شۇنداق.

بىردىن چوچۇپ ئويغىنىپ مەن كوزۇم ئېچىپ،
ھەيرانە ھەس قالدىم بۇڭا ئەجەپلىنىپ.

غايىپ بوپتۇ چۇشۇمدىكى سىرى ھىكمەت،
توشەگىمدە يېتىپتىمەن تەرگە پېتىپ.

كورگىنىمدەك ئىكەن چۇشتە ئالەمدىكى شاتلىنىشلار،
شۇ قىياستا بولار ئىكەن ئەلمىساقتىن بارچە ئىشلار.

قايتار چېغىم نائېنىقتۇر، تەقسىر، كەتسەم خەيرلىشىپ،
ئاق جەرەنگە مىنگىنىمچە يۇرەي ئەمدى ئالەم كېزىپ.

مەشھۇر تاغلار سەيلىسىگە كەتكىنىم مىڭ ئەۋزەل ئىكەن،
بەگ-غوجامغا تىزىم پۈكۈپ، باش ئېگىشكە رايىم بارماس،
ئۇندا جاندا ئەركىن نەپەس، رۇخسارىمدا كۈلكە بولماس.

## ۋاڭ لۇنگە بېغىشلاپ[50]

سەپەر قىلماق بولۇپ لى بەي يۇرۇش ئالدىدا قولۋاقتا،
توساتتىن ئاڭلىنىپ قالدى يېقىملىق ناخشا[51] قىرغاقتا.
تىرەن بولغان بىلەن تاۋخۇا كولى ھەرقانچە-ھەرقانچە،[52]
كېلەلمەس تەڭ مېنى ۋاڭ لۇن ئۇزاتقان چاغدىكى ھىسقا.

[ئىزاھلار]

① بەيدى — بەيدى شەھىرى، ئۇ شەھەرنىڭ خارابىلىرى ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ پېڭجې ناھىيىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بەيدى تېغىدا.

② شەپەق ئارا — بەيدى شەھىرىنىڭ ئورنى تاغنىڭ ئۈستىدە بولغانلىقى ھەم چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئەتىگەندە پەستىن يۇقۇرىغا قارىسا، خۇددى رەڭدار بۇلۇت — شەپەقلەر ئارىسىغا جايلاشقاندەك كۆرۈنىدۇ. "شەپەق ئارا" دىگەن سۆز ئۇنىڭ بۇ يەردىن ئەتىگەندە چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

③ جياڭلىڭ — ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىگە تەۋە جاي. بەيدى بىلەن جياڭلىڭ ئارىلىقى 1200 لى كېلىدۇ. بۇ يەردە ئاپتور باھار پەسلى سۇ ئۇلغايغان چاغدا سۇنىڭ ئېقىشى بويىچە شەرققە يۈرگەندە بىر كۈندىلا بارغىلى بولىدۇ، دەپ مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

④ جىنمبن — هازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ يىدۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بىر تاغ بولۇپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان.

⑤ چۇگو — قەدىمقى دەۋردىكى چۇ بەگلىكى زېمىنىنى دېمەكچى. ئۇ چاغدىكى چۇ بەگلىكى هازىرقى خۇبېي، خۇنەن ئۆلكىلىرى تەۋەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

⑥ ئەزىم دەريا — چاڭجياڭ دەرياسى.

⑦ قەسىر سالدى — كۆن شولىسىدىن هاسىل بولغان ئالۋۇننى كۆرسىتىدۇ.

⑧ لۇشەن — هازىرقى جياڭشى ئۆلكىسىدىكى جيۇجياڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئىسمى. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر شاقىراتما بولۇپ، شياڭلۇ چوققىسىنىڭ يېنىدىن تۆۋەنگە ئۇقچۇپ چۈشىدۇ.

⑨ ئىسرىقدان — لۇشەن تېغىدىكى شياڭلۇ چوققىسى ئىسرىقدانغا ئوخشايدۇ. شۇڭا تەرجىمىدە ئىسرىقدان دەپ ئېلىندى.

⑩ ئاسمان يولى — سامان يولى دېمەكچى.

⑪ سېرىق تۇرنا راۋىقى — هازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇچاڭ شەھىرىدىكى چاڭجياڭ دەرياسى بويىغا جايلاشقان.

⑫ مېڭ خاۋرەن — لى بەينىڭ قەدىناس شائىر دوستى.

⑬ گۇاڭلىڭ — هازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى ياڭجۇ شەھىرىنىڭ شۇ چاغدىكى ئاتىلىشى.

⑭ كوۋرۇكتىكى ساداقەت — قەدىمقى زامانىدا ۋېيشېڭ دېگەن بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەتىدىشى بىلەن مەلۇم بىر كوۋرۇك يېنىدا ئۇچراشماقچى بولۇپ ۋەدىلىشىپتۇ. ئۇ قىز خېلى بىر هازاغىچە يېتىپ كەلمەپتۇ، ئاڭغىچە كەلكۈن كېلىپ ئۇنىڭ هاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈشكە ئاز قالغان بولسىمۇ، ۋېيشېڭ دېگەن يىگىت ۋەدىسىگە

ۋاپاسىزلىق قىلىپ بۇ يەردىن كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماي، ۋەدىلەشكەن يېرىدە تۇرۇۋېرىپتۇ ھەمدە كۆۋرۈكنىڭ تۈۋرۈكىگە مەھكەم چاپلىشىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى كەلكۈندە قېلىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇ يەردە بۇ رىۋايەت ئارقىلىق ئەرنىڭ ئايالىغا بولغان چىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلىمەكچى.

⑮ دوڭگە چىقماق — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قەدىمقى زاماندا بىر ئايال بولغان ئىكەن، ئۇ ئايال ئېرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ دوڭگە چىقىپ يولىغا قارايدىكەن، بىرقانچە كۈنگىچە قاراۋەرسىمۇ ئېرى كەلمەپتۇ؛ ئېرى كەلمىگەندىن كېيىن، ئۇ ئايالمۇ قايتىپ چۈشمەپتۇ، ئېرىنىڭ يولىغا قاراۋېرىپ، ئاخىر ئۆزىمۇ تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ ۋەقە ئايالنىڭ ئەرگە بولغان سەمىمى-ساداقىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەقتىكى رىۋايەت ئاساسىدا بىرمۇنچە جايلاردا ئېرىنىڭ يولىغا قارايدىغان مەخسۇس تاغ ۋە تاشلار قالغان.

⑯ يەنيۈدۈي ھەم چۈيتاڭ — ھەر ئىككىسى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىدىكى خەتەرلىك يەرلەر. ئۇ يەردىن ئۆتكەندە دەريا ياقىلىرىدا مايمۇنلار ۋەھىمە سېلىپ چىقىرىشىدۇ.

⑰ چاڭغەنشا — ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى ئەنچىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدىغان چاڭجياڭ ۋادىسىغا يېقىن جاي. ئۇ يەر چاڭگەنلى جايلاشقان نەنجىڭ شەھىرىدىن ناھايىتى يىراق.

⑱ يۇ فۇ، سەن سۇڭ — رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، قەدىمقى دەۋردە سىچۈەندە ھاكىمىيەت قۇرغان ئىككى پادىشا ئىمىش.

⑲ چىن دىيارى — قەدىمقى دەۋردىكى چىن بەگلىكى. يول خەتەرلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن سىچۈەن بىلەن چىن بەگلىكى خەلقلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق بېرىش-كېلىشلەر بولمىغان.

⑳ تەيبەي — جۇڭنەن تېغىنىڭ ئاساسلىق چوققىسى بولۇپ، ھازىرقى

شەنشى ئۆلكىسىدىكى مېيشىيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا؛ تەيبەي تېغى چىن بەگلىكىنىڭ پايتەختى بولغان شيەنياڭنىڭ غەربىدە.

㉑ ئېمېي — ئېمېيشەن تېغى، ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ ئېمېي ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

㉒ بەش پەھلىۋان، رىۋايەتتىكى بەش پەھلىۋان. چىن بەگلىكە-نىڭ سىچۇەن زېمىنىنى ئاچقانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: چىن بەگلىكىنىڭ بېگى خۇيۋاڭ سىچۇەن بەگلىكىگە 5 گۈزەل قىزنى ياتلىق قىلىپ بېرىشكە ماقۇل بولۇپتۇ، سىچۇەن بېگى 5 باتۇر يىگىتنى قىزلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار قىزلارنى باشلاپ كېلىۋېتىپ، زىتۇڭ دىگەن جاي (زىتۇڭ ناھىيىسى)دىن ئۆتكەندە، ئۇ يەردە چوڭ بىر يىلان-نىڭ تاغدىكى ئۆۋىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، ئۇنى سىرتقا چىقارماقچى بولۇپ قۇيرۇغىنى تۇتۇۋېلىپ تارتىپتۇ، نەتىجىدە ئۇ تاغ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ 5 يىگىت ۋە 5 گۈزەل قىز تاغنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپتۇ، تاغ 5 چوققىغا بولۇنۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن چىن ۋە سىچۇەن (شۇ) بەگلىكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش-كېلىشلەر بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق بوپتۇ، ئاسما يول تىك داۋان، ھاڭ قىيالار باغرىغا سېلىن-غان يول بولۇپ، تاغنى تېشىپ، ياغاچ ئۆتكۈزۈپ، تاختاي ياتقۇزۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان. پەللە — تاش پەللە شەكلىدىكى يوللار.

㉓ قەدىمقى رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، شىخې ئالتە ئەجدىها قوشۇلغان ھارۋىغا قۇياشنى بېسىپ ئاسمان بوشلۇغىدا ھەيدەپ مېڭىپتۇ. تاغنىڭ ئۈستىدىكى داۋان ئېگىز ۋە خەتەرلىك بولغانلىقتىن، ئاسماندا كېتىۋاتقان ھارۋىمۇ ئۆتەلمەي، ئاشۇ داۋاندا توسۇلۇپ قاپتۇ.

㉔ بۇ قۇردا دېمەكچىكى، تاغ ھەم پاتقاق، ھەم ئېگىز-پەس، ھەم ئەگرى-بۈگرى بولغاچقا، كوپ ئايلىنىپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

㉕ جيەنگې تېغى — ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىدىكى جيەنگې

ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ.

㉖ بۇ يەردە ئېيتىلغان يولۋاس ۋە يىلانلار توپىلاڭچى قاراقچىلارنى كۆرسىتىدۇ. دېمەكچىكى، ئەگەر ئۆتكەل باققۇچى كىشى خانغا ئىشەنچلىك ئادەم بولمىسا، جەزمەن توپىلاڭ كۆتىرىدۇ. بۇنداق مۇھىم ئۆتكەلنى ئىگەللىۋالسا، تالاي ـ تالاي يامان ئىشلارنى قىلالايدۇ.

㉗ جىنچېڭ ــ جېڭگۇەن شەھىرى يەنى ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ چېڭدۇ شەھىرى.

㉘ شۇەنجۇ ــ ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى شۇەنچېڭ ناھىيىسى. شيې تياۋ راۋىنى ــ جەنۇبىي چى سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شيې تياۋ دېگەن شائىر شۇەنچېڭدا دوتەي بولغاندا سالدۇرغان راۋاق. ئوردا مۇھەررىرى ــ ئوردىدا خانلىق كىتاپخانىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار، لى بەي كىتاپ باشقۇرغۇچى لى يۈن دېگەن كىشىنى تاغام دەپ ئاتىغان.

㉙ پېڭلەيدە جيەنئەن نەزمىسى: پېڭلەي رىۋايەتتىكى ئىلاھىي تاغ بولۇپ، ئۇ تاغ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىكەن؛ ئەۋلىيالار ئوردىسىدىكى ئەتىۋارلىق كىتاپ ـ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ساقلىنىدىكەن؛ بۇ يەردە لى يۈننىڭ مەسئۇللۇغىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاپخانىدىن كىنايە؛ جيەنئەن ــ ئەسلى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى خانىنىڭ يىلنامىسى. شۇ دەۋردە ساۋساۋ ئاتا ـ بالىلار ۋە جيەنئەن دەۋرىدىكى 7 ئەدىپ بىرلىكتە يېڭى، جۇشقۇن بىر خىل ئەدەبىي ئۇسلۇپنى تەشەببۇس قىلغان ھەمدە بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى، كېيىنچە ئۇ قىسقارتىلىپ "جيەنئەن ئۇسلۇبى" دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدا ئاساسەن شېئىر ـ نەزمە ئۇسلۇبى كوزدە تۇتۇلغان.

㉚ شياۋشيې ــ شيې تياۋنى دېمەكچى. شۇ دەۋرلەردە شيې لىڭيۈن دېگەن يەنە بىر شائىرمۇ ئۆتكەن، ئەمما شيې تياۋ سەل كېيىنرەك تۇغۇلغانلىغى ئۈچۈن، شيې پەمىلىلىك بۇ ئىككەيلەن چوڭ ـ كىچىك دېگەن

سۆزلەرنى قوشۇش بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەن. شياۋشيې — كىچىك شيې، شۇ چاغلاردا شېئىرىيەتتە خېلى داڭ چىقارغان.

㉛ ئەرشتىن چۈشكەن پېتى — خۇاڭخې دەرياسى ئېگىز تاغدىن باشلىنىدىغان بولغاچقا، ئاپتور ئۇنى مۇبالىغە قىلىپ، ئەرشتىن چۈشكەن دەپ ئاتىغان.

㉜ شىن شۈن، دەن چيۇ — ھەر ئىككىسى لى بەينىڭ ئۇلپەتلىرى.

㉝ شاھى ساۋجۇ — ساۋساۋنىڭ 3 - ئوغلى.

㉞ پىڭلې — پىڭلېگۇەن، ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لوياڭ شەھىرى يېنىدا.

㉟ تيەنمېن — تيەنمېن تېغى، بۇ تاغ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى خېشيەن ناھىيىسى بىلەن داڭتۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى قىسمىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا بولۇپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكىسى غەربىي لياڭشەن، دەريانىڭ جەنۇبىدىكىسى شەرقىي لياڭشەن دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئىككى تاغ چاڭجياڭ دەرياسىنى ئىككى ياقتىن قىسماقتەك قىسىپ تۇرىدۇ.

㊱ چۇجياڭ — چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ خۇبېي، خۇنەن، ئەنخۇي ئۆلكىلىرىنى بېسىپ ئۆتىدىغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى قەدىمقى دەۋردە ئۇ جايلار چۇ بەگلىكىگە تەۋە ئىدى.

㊲ خانبالىقتا مەشرىقتە — كۈن چىقىش تەرەپتىكى پايتەختتە دېمەكچى.

㊳ تيەنمۇ تېغى — ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىڭشيەن ناھىيىسىدىكى بىر تاغ.

㊴ يىڭجۇ — قەدىمقى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى شەرقىي دېڭىزدىكى ئىلاھىي تاغ.

㊵ چىچېڭ تېغى — جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى تيەنتەي ناھىيىسىنىڭ شىما-

لىدىكى بىر تاغ.

㊶ بەش تاغ ــ تەيشەن، خۋاشەن، فېڭشەن، سۇڭشەن، خېڭشەن تاغلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى چوڭ تاغلار.

㊷ تيەنتەيشەن ــ جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى تيەنتەي ناھىيىسىنىڭ يۇقۇ-رىسىدىكى يەنە بىر تاغ.

㊸ ۋۇ، يۈې ــ ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىنى ۋە جېجياڭ ئۆلكىسىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمقى دەۋردە بۇ جايلار ۋۇ، يۈې بەگلىكىگە تەۋە ئىدى.

㊹ ئەينەك كۆل ــ ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى شاۋشىڭ ناھىيىسى-نىڭ غەربىي جەنۇبىدا، تيەنمۇ تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدا. شېئىردىكى يىپ ئۇچىغا قارىغاندا، لى بەيىنىڭ چۈشىدە كۆرگەنلىرى جياڭسۇ ئۆلكىسى-نىڭ جەنۇبىدىن باشلىنىدۇ.

㊺ شەنشى ــ ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى شېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر دەريا بولۇپ، ساۋئېجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىمى ھېساپلىنىدۇ.

㊻ شيې لىڭيۈن مىلادىنىڭ 385 ــ يىلى دۇنياغا كەلگەن، يۈجيادا (ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى ۋېنجۇ شەھىرى) دوتەي بولۇپ، كېيىن شاۋشىڭ ناھىيىسىگە كېلىپ تۇرغان ۋە ئاشۇ جايلاردا بىخارامان سەيلە-تاماشا قىلغان. شۇ جايلار ئۇنىڭ قەدەمجايى دەپ ئاتالغان.

㊼ شەرقىي بەل ــ تاغنىڭ كۆنگەي يوتىسىنى كۆرسىتىدۇ.

㊽ ئىلاھىي توخۇ ــ رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، شەرقىي جەنۇپتىكى تاۋدۇ تېغىدا تاۋدۇ دەرىخى بولۇپ، ئۇ دەرەخنىڭ بىر شېخى بىلەن يەنە بىر شېخىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ مىڭ لى كېلىدىكەن، ئۇ دەرەختىكى ئىلاھىي توخۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە يېڭى چىققان كۈننى كۆرگەن ھامان قىچقىرىدىكەن، ئالەمدىكى خورازلار شۇنىڭغا ئەگىشىپ قىچقىرىشقا

باشلايدىكەن.

㊾ سۇرلۇك راۋاق — قەدىمقى رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، پەرىشتىلەر ماكانىدىكى نۇر چاقناپ تۇرىدىغان سەلتەنەتلىك راۋاق.

㊿ ۋاڭ لۇن — لى بەيىنىڭ جىگىشيەن ناھىيىسى (ئەنخۇي ئۆلكىسى دائىرىسىدە) تاۋخۇا كۆلى بويىدىكى بىر يېزىدا تونۇشقان دوستى.

(51) يېقىملىق ناخشا — لى بەي سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا تۇرغاندا ۋاڭ لۇن ئۇنى ئۇزىتىپ كېلىدۇ، ئەمما ۋاڭ لۇن لى بەينى باشقىلارغا ئوخشاش مەيۇسلىنىش، ئايرىلغۇسى كەلمەسلىك كەيپىياتىدا ئۇزاتماستىن، بەلكى خوشال-خورام ھالدا يېقىملىق ناخشا ئېيتىپ كېلىپ ئۇزىتىدۇ. لى بەينىڭ جۇشقۇن ھېسسىياتلىق خاراكتېرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن كىشىلەر شۇنداق قىلالايدۇ. شائىرنىڭ ئۇنى قەدىرناس چىن دوستى قاتارىدا كۆرۈشمۇ بىكار ئەمەس.

(52) تاۋخۇا كۆلى — ناھايىتى چوڭقۇر بىر كۆل، ئەمما ئاپتور ۋاڭ لۇننىڭ ناخشا ئېيتىپ كەلگەن ھېسسىياتىنى ئۇ كۆلنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىنمۇ چوڭقۇر دەپ ھېسابلىغان.

# گاۋشى

گاۋشى (ميلادى 702 — 765 - يىللار) بوخەي ۋىلايىتىنىڭ تياۋشيەن (هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جىڭشيەن) ناهىيىسىدىن. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئائىلىۋى تۇرمۇشى نامراتچىلىق ۋە سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن بولۇپ، هاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە باسقاق بەگ بولغان. ئۇ ئۇزاق مۇددەت هەربى قوشۇندا بولغانلىقى سەۋەبىدىن چېگرا جايلارنىڭ تەبىئى شارائىتى ۋە هەربى تۇرمۇش بىلەن ئوبدان تونۇشقان، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى چېگرا جايلارغا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ شېئىرلاردا مەلۇم دەرىجىدە لەشكەرلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇشكىلاتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى سىنىپىي زىددىيەت هەم مىللى زىددىيەت پاش قىلىنغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# دۇڭ تىڭلەن* بىلەن خوشلاشقاندا

پەردىلەپ ياپتى قۇياشنى چېكى يوق ساغۇچ بۇلۇت،
لەپىشمەكتە قار تىنىمسىز، تۇرنىنى سۇرمەكتە جۇت.
شوھرىتىڭنى بىلمىسۇن كىممۇ سېنىڭ ئالەم ئارا،
يوق ماڭا سەپەردە سىرداش دېمىگىن، غەمنى ئۇنۇت.

---

* دۇڭ تىڭلەن — شۇ دەۋرلەردە داڭ چىقارغان سازەندە.

# سۇي خاۋ

سۇي خاۋ (مىلادى 704 ــ 754 ـ يىللار) بىيەنجۇ دىگەن يەر (ھازىر-قى خېنەن ئۆلكىسىدىكى كەيفېڭ شەھىرى) دىن. مىلادىنىڭ 723 ـ يىللىرى ئەتراپىدا تەشرىپدارلىققا ئۆتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغانــدا، لى بەي ئۆز سەپىرىدە ۋۇچاڭغا كېلىپ سېــرىق تۇرنا راۋىــغىغا چىققاندا، بىغشــلىما تەرىقىسىدە بىرەر شېئىر يېزىشنى ئويلايدۇ، ئەمــما سۇي خاۋنىڭ يازغان «سېرىق تۇرنا راۋىغى» دىگەن بىغشلىمىسىنى كورۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، يازماقچى بولغان شېئىرىنىمۇ يازماي قويىدۇ.

سۇي خاۋنىڭ شېئىرلىــرى خەلق قوشاقــلىرى پۇرىغىغا ئىگە بولۇپ، ناخشا تېكىســتى تەرىقىسىدە يېزىلــغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈچ شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## چاڭگەن① نەزمىسى

### (ئىككى شېئىر)

### 1

يىگىت ئۆزلىرى نەلىك؟

ئۆزەم خېڭتاڭ② دىگەن يەرلىك.

سورىماققا توختىدىم،
بولمىغۇيدۇق بىر يەرلىك!

2

ئۇيۇم جيۇجياڭ③ بويىدا،
كوپ يۈرىمەن يولىدا.
كىچىك كەتكەچ چاڭگەندىن،
تونۇشماپتىمىز بۇندا.

# سىبىرىق تۇرنا راۋىغى④

سىبىرىق تۇرنا راۋاغىنى بۇ يەردە يادىكار ئەيلەپ،
مىنىپ تۇرنىغا كەتكەندۇر پەرىشتە⑤ ئىختىيار ئەيلەپ.

سىبىرىق تۇرنا شۇ كەتكەنچە بۇ ياققا ئەسلا قايتماپتۇ،
ئىگىز ئاسماندا مىڭ يىلدىن بىرى ئۇزەر بۇلۇت لەيلەپ.

دەرەخ-بوستانى خەنياڭنىڭ ئايان بىر-بىر كوز ئالدىمدا،
تۇرار يىڭۋۇ⑥ ئارالنى يېشىل ئوت-چوپ تامام چۇڭكەپ.

ئەزىم دەريا تۇمانىدا مېنى غەم باستى بارغانچە،
گۇگۇم پەيتى خىيال قىلدىم: ماكان يۇرتۇم قاياندۇر دەپ.

[ئىزاھلار]

① چاڭگەن — ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى نەنجىڭ شەھەرىنىڭ چىنخۇەي دەرياسى بويىدا چاڭگەنلى دىگەن بىر قەدىمىي جاي بولغان، بۇ يەردە ئاشۇ جاي كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىككى شېئىر قولۋاق ئۈستىدىكى يىگىت ـ قىزنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن بولۇپ، ئالدىنقىسى قىزنىڭ سوئال سوراپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشى بىلەن باشلىنىپ، كېيىنكىسى يىگىتنىڭ جاۋابى بىلەن ئاياقلىشىدۇ.

② خېڭتاڭ — نەنجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر جاي.

③ جيۇجياڭ — ھازىرقى جياڭشى ئۆلكىسى تەۋەسىدە.

④ سېرىق تۇرنا راۋىقى — ئەسلى ئورنى ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىدىكى ۋۇخەن شەھىرىنىڭ يىلان تېغىدا.

⑤ پەرىشتە — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشچە، ئۈچ پادىشالىق دەۋرىدە فېي ۋېي دىگەن كىشى مۇشۇ راۋاقتىن سېرىق تۇرنىغا مىنىپ پەرىشتە تەرىقىسىدە ئۇچۇپ كەتكەن.

⑥ يىڭۋۇ — چاڭجياڭ دەرياسىدىكى كىچىك ئارال.

# جىن چاڭشۈي

جىن چاڭشۈينىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما ئوتكەن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ چيەنتاڭ (يەنى ھازىرقى خاڭجۇ شەھىرى)دا تۇرغانلىقى مەلۇم. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# كوكلەمدىكى ئەلەم①

قوغلىۋەتتىم بۇلبۇلنى، سايرىما دەپ دەرەختە.
بارغۇزمىدى لياۋشىغا②، چۈشنى كورسەم مىڭ تەستە.

[ئىزاھلار]

① بۇ شېئىر بىر ئايالنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن. ئېرى ئۇرۇشقا كەتكەن، بۇ ئايال چۈشىدە ئېرى تۇرۇشلۇق ھەربى قوشۇن بازىسى بولغان لياۋشى دىگەن جايغا بېرىپ، ئېرى بىلەن كورۇشەي دەپ تۇرۇ- شىغا بۇلبۇل چۈشنى بۇزۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇلبۇلدىن زارلىنىدۇ.

② لياۋشى — ھازىرقى لياۋنىڭ ئۇلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جايلار بولۇپ، ئۇ جايدا شۇ دەۋردىكى ھوكۇمەتنىڭ قوشۇنى تۇرغان.

# دۇ فۇ

دۇ فۇ (مىلادى 712 — 770 - يىللار) ئېلىمىز تارىخىدىكى ئۇلۇغ رېئالىست شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ تەخەللۇسى دۇزىمېي، گۇڭشيەن (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ گۇڭشيەن) ناھىيىسىدىن. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا جياڭنەن، شەندۇڭ قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلىپ ئارىلاپ يۈرۈپ، ناھايىتى جىق كىتاپلارنى ئوقۇيدۇ، 24 يېشىدا لوياڭغا بېرىپ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، تەشرىپدارلىقتا ئوتەلمەي قالىدۇ. 40 يېشىدىن كېيىن كىچىك ئەمەلدار بولغان بولسىمۇ، ئەمىلىدە ئانچە ئۇزاق ۋاقىت تۇرالمايدۇ. ئۇ 44 ياشقا كىرگەن يىلى ئەن لۇشەن توپىلىڭى بولۇپ قېلىپ، شەنشى، سىچۇەن قاتارلىق جايلارغا مۇساپىر بولۇپ قېچىپ كېتىدۇ. ئاخىرى ئۇ سىچۇەننى تاشلاپ، خۇبېي، خۇنەن قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ، ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر شۇ جايلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. سىچۇەندە بولغان چاغلىرىدا بىر مەھەل گۇڭبۇ بېگى دېگەن قۇرۇق ئەمەل نامىغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا كېيىنكىلەر ئۇنى «دۇ گۇڭبۇ» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ چېڭدۇ شەھىرىدە ئۇنىڭ كەپىسىنىڭ خارابىلىرى بار. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ئىچىدە قالغان خەلقنىڭ ئېغىر ئازاپ-ئوقۇبەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، فېودالىزم جەمئىيىتىنىڭ چىرىكلىكى ۋە جىنايەتلىرى پاش قىلىنغان بولۇپ، خەلققە ھېسداشلىق قىلىش پوزىتسىيىسى ۋە ۋەتەنپەر-

ۋەرلىك روھى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كېيىنكى دەۋرلەردىكى شائىرلارغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ لى بەي بىلەن تەڭ داڭ چىقارغان، خەقلەر ئۇلارنى «لى بەي — دۇ فۇ» دەپ قوشۇپ تەڭلا تىلغا ئېلىشىدۇ.

بۇ يەردە ئۇنىڭ يىگىرمە ئۈچ پارچە شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## دەسلەپكى چېگرا ناخشىسى*

يانى تارتساڭ تارت ئۇنىڭ كۈچراغىنى،
تاللا ھەم ئوقنىڭمۇ ئۇزۇنراغىنى.

ئادەم ئاتساڭ، ئېتىنى چەنلە ئاۋال،
ياۋنى تۇتساڭ، تۇت ئاۋال سەردارىنى.

باركى ھەر ئەلنىڭ تېگىشلىك پاسلى،
قوغدىماق ھەقتۇر ئۇنىڭ گىرداۋىنى.

---

* دەسلەپكى چېگرا ناخشىسى — ئاپتورنىڭ شۇ نامدىق شېئىرلىرىدىن بىرى، ئاپتور «چېگرا ناخشىلىرى» دېگەن نامدا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. ئۇلار «دەسلەپكى چېگرا ناخشىلىرى» ۋە «كېيىنكى چېگرا ناخشىلىرى» دېگەن ئىككى قىسمغا بولۇنگەن.

كوپ تالاپەتكە نىمە ھاجەت ئىرۇر،
بولدىغۇ توسسا رەقىپ ئاياغىنى!

## ئايدىڭ كېچىدە*

بۇ كېچە فۇجۇدا① ئاي ئۈزگەنمىدۇ،
دىلبىرىم② تەنھا ئۆزى كورگەنمىدۇ.

ئاتىسى چاگئەندە دەپمۇ ئۈيلىماي،
ناتاۋان پەرزەنتلىرىم يۈرگەنمىدۇ.

نەملىشىپ تۈتەكتە بوستان چاچلىرى،
ئاق تېنى شولىنى سوغ سەزگەنمىدۇ.

يىغىسىز قوش جانىنى يورۇتماقنى ئاي،
بۇ جاھان بىزگە راۋا كورگەنمىدۇ؟!

---

* بۇ شېئىرنى ئاپتور چاگئەنـدە تۇرۇپ، فۇجۇدا قالـغان بالا ـ چاقىلىرىنى ئەسلەپ يازغان. بۇ شېئىردا ئاپتور ئۇرۇش ۋەيرانچىـلىغىدا ئائىلىسىگە كەلگەن جۇدالىق ۋە خانىۋەيرانچىلىقتا بولغان نارازىلىغىنى شۇنىڭدەك پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇش ئارزۇسىدا بولغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ.

# باھار تەسراتى*

ئەل خاراپ قىلىندىيۇ، تاغ ـ سۇ ئامان،
ئوت ـ گىيالار قەلئەنى تەل قاپلىغان.

گۈل ـ چېچەكلەرمۇ بېغىشلار مۇڭ ـ ئەلەم،
قۇش ناۋاسىدىن كېلەر ھەسرەت ـ پىغان.

ئوي خېتى ئەرزىيدۇ مىڭ تىللاغىمۇ،
ئۇلىشىپ بولغاچقا جەڭ ئۈچ ئاي ھامان.

توختىماس بولدى بېشىمدا سانجىغۇچ،
ئاق چېچىمنى توكتى بۇ دەرتلىك زامان.

---

* مىلادى 757 ـ يىلى (ئەن لۇشەن توپىلىڭى بولۇپ ئىككىنچى يىلى) 3 ـ ئايدا دۇ فۇ قولدىن كەتكەن پايتەخت چاڭئەنگە قاۋلىپ قالىدۇ. بۇ شېئىرنى ئۇ چاڭئەننىڭ باھار مەنزىرىسىنى كورگەندىن كېيىنكى تەسراتى تەرىقىسدە يازغان.

# چىياڭسۇن كەنتى[3] ھەققىدە ئۈچ شېئىر*

## 1

قىزغۇچ شەپەق مەغرىپ تامان ئۆزگىنىدە،
كۈن شولىسى ئۇپۇق بويلاپ چۈشكىنىدە؛

ۋىچىرلىشىپ قالدى قۇشلار قاشا ئارا،
يىراقلاردىن ئۆيگە مېھمان كەلگىنىدە؛

ياشلىرىنى سۈرتۈشتى تەڭ ئېسىن يىغىپ،
بالا ـ چاقام ئىشەنمەستىن، كىرگىنىمدە.

يىغا ـ جىدەل قاپسىغان بۇ ئىقلىم ئارا،
بەختى كېلىپ ئامان قايتقان ئاز ئۆمرىدە.

* دۇ فۇ قولدىن كەتكەن چاڭئەندىن مىلادى 757 ـ يىلى ئاپرېلدا قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئاۋغۇست ئايلىرىغا كەلگەندە ئاندىن چىياڭسۇن كەنتىگە كېلىپ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ. بۇ شېئىرلاردا ئۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنكى ھالەتلەر تەسۋىرلىنىدۇ.

خولۇم-خوشنا تام بېشىدا سانجاق بولۇپ،
بەللى، دىدى مېنى هايات كورگىنىدە.

چۇش دەپتىمىز، چىراق بىلەن كوز يۇمۇلماي —
شۇ كېچىمىز هەمسوهبەتتە ئوتكىنىدە.

2

قىرىغاندا④ باشقا ئىزلەپ تىنچ-ئارامىلىق،
ئويگە كەلسەم تاپمىدى جان هەم ئامانلىق.

بالىلىرىم تەڭ ياماشتى تىزلىرىمغا،
كېتىشىمدىن كەلمىسۇن دەپ دىل ئازارلىق.

بىر زامانلار سايىداشقا خۇشتار ئىدىم،
ئايلىناتتىم كول بويىدا تالىزارلىق.

ئىزغىرىن كۇز شاملى زەپ كەتتى ئەدەپ،
ئەل ئىشىدىن دىلغا كەلدى پەرىشانلىق.

تەلىيىمگە كەپتۇ ئاز-ماز هوسۇل-دانىمۇ،
تامچىغاندەك قىلدى گويا مەي، خۇمارلىق.

كەملەي دىدىم كومزەكلەرگە مەيىنى شۇ دەم،
ئەمدى مەيدىن تاپقاي كوڭۇل شادىمانلىق.

## 3

خورازلارنىڭ سوقۇشـلىرى قىزىغاندا،
كىملەرنىڭدۇ شەپىسىدىن نىشان بولدى.

قوغلاپ تۇرسام توخۇلارنى قونداقلارغا،
مېھمانلارنىڭ ئىشىك قاقىنى ئايان بولدى.

ئەھۋال سوراپ كىرىشىپتۇ توت-بەش بوۋاي،
دەپ سەپىرىڭ يىراق تاغۇ-داۋان بولدى.

ھېچبىرىنىڭ قوللىرىمۇ قۇرۇق ئەمەس،
سوغاتلارغا قاچا-قۇچام ماكان بولدى.

دىدى: "ئەيىپ كورمەڭ ئاددى شاراپلارنى،
ئىككىنچىلەر يەر-زىمىندىن پىنھان بولدى.

ئاسايىش يوق جەڭگە-جىدەل تەشۋىشىدىن،
ياشلار تۈگەل لەشكەرلىككە راۋان بولدى."

ناخشىدىلا كۈتتۇم ئەزىز بوۋايلارنى،
خىجىللىقتىن رەڭگى-رويۇم سامان بولدى.

ھەسرەتلىنىپ كوككە باقتىم ناخشىدىن سوڭ،
ھەممىسىنىڭ كوزىدىن ياش قىيان بولدى.

## شىنئەن بېگى

سەپىرىمدە يەتتىممەن شىنئەن دىگەن ئايماقـقا،
دۇچكەپتىمەن دەلمۇ-دەل لەشكەردىكى ساناققا.

ھەيران بولۇپ سورىدىم شۇئان بەگدىن: "بۇ جايدا —
چىقمىدىمۇ لايىق جان لەشكەر-سىپاھ بولماققا؟"

جاۋاپ بېرىپ دىدى ئۇ: "پەرمان كەلدى دىۋاندىن،
ياش يىگىتلەر چىقمىسا، ئوسمۇرلەردىن ئالماققا."

دىدىم: "يىگىت چىقمىسا، ئوسمۇر بىلەن ئىش كورۇپ،
بارمۇ ئىمكان پايتەختنى ئامان قوغداپ قالماققا؟"

ھىچكىمى يوق يېنىدا قاخشال، ئاۋاق-ئاجىزنىڭ،
قاۋۇللارنىڭ تۇقنى كەپتۇ يولغا سالماققا.

ئاقتى دەريا-سۇ دەۋرەپ گۇگۇم پەيتى مەشرىققە،
ئىگرىدى تاغ يىغىدا ئۇلار سالغان سالماققا.

دېدىم: "ئېقىپ كەتمىسۇن كۆزۈڭلارنىڭ گۆھىرى،
سەل بولمىسۇن يېشىڭلار، نىمە ھاجەت تالماققا.

نالە قىلىپ مىڭ زارلاپ قالساڭلىمۇ قاغجىراپ،
پەرۋا قىلماس كۆك-زېمىن كۆڭلۈڭلارنى ئالماققا.

قوشۇنىمىز شياڭجۇنى قورشىغانتى كارامەت،
ئۈمىت زوردى قەلئەدە ئامان-ئېسەن قالماققا.

پەھىم ئەتمەك تەس ئىكەن نەيرىڭىنى دۈشمەنىنىڭ،
لەشكەر بولۇپ تىرىپسىن ئايلاندى قۇم-تۇپراققا.

ئەمدىكى بۇ لەشكەرلەر غەم قىلمايدۇ يىمەكتىن،
بارار يېرى لوياڭدىن ئانچە ئۇتمەس يىراققا.

خەندەك قازسا تەلەپ يوق تىرەن قېزىش ئۇلاردىن،
ئات بېقىشمۇ ئاسان ئىش، چەكلەم قاتتىق تاياققا.

ئۇلار بارار ئادالەت مۇرات تاپقان قوشۇنغا،
جەڭ قىلىدۇ ھەق ئۈچۈن، قالماس ھەرگىز خارلىقتا.

يىغلىماڭلار پىغان قىپ، ئۇزاتقانلار زادىلا،
سەركەردىدە ئايلانغان لەشكەر كوزگە. قاراققا."

# تۈڭگۈەن بېگى

قەلىئە ياسار تۈڭگۈەن دىگەن مۈشۈ يەردىن،
لەكمىلڭ لەشكەر مۈشەققەتتە قان ۋە تەردىن.

چوڭ قەلئەلەر مەھكەم ئىكەن ئۈيۈل تاشتىن،
كىچىكلىرى ئىگىز، ئاشار ئون مىلڭ گەزدىن.

”خۈر بىلەن جەڭ قىلغاندا بۈ ئەسقاتارمۈ؟“
دەپ سورىدىم تۈڭگۈەندىكى ئاشۈ بەگدىن.

تاغ-جىلغىنى ماڭا بىر-بىر چۈشەندۈردى،
چۈشۈرگۈزۈپ مىنى ئەتەي ئات-ئىگەردىن:

”قاتار-قاتار توساق كوككە بولدى تۈتاش،
قىران بۈركۈت ئۈتەلمەيدۈ ھەم بۈ يەردىن.

ئۈتكەلنىلا ئالدۈرمىساق كەلسىمۈ خۈر،
ئاستانىمىز ئامان قالار ھەر خەتەردىن.

قارىمامسىز، ھەيھات، قانداق خەتەر بۇ جاي،
نەستە ئۆتەر بىر ھارۋىمۇ بۇ ئۆتكەلدىن.

قىيىن پەيتتە باقسا بىرى بۇ ئۆتكەلنى،
غالىپ چىقار نەچچە يۈز مىڭ ياۋ-دۈشمەندىن.

بىر چاغ خۇاڭخې قىلغان تۈمەن لەشكەرنى يەم،
خەۋەردارسىز تاۋلىندىكى⑤ دەھشەت جەڭدىن!؟

ئېيتسىپ قويۇڭ ئۆتكەل باقار سەركەردىگە،
ئۆگەنمىسۇن كالتە پەملىك گې شۇخەندىن⑥."

# شىخاۋ بېگى

ئاخشىمى چۈشسەم شىخاۋغا⑦ قونغىلى،
كەپتۇ بەگ كېچىدە ئادەم تۇتقىلى.

ئارتىلىپ تامدىن پانالاندى بوۋاي،
شۇ زامات چىقتى موماي ئىشىك ئاچقىلى.

ۋاقىراپ بەگ ھەيۋە قىلدى ئاڭلىسام،
تۇردى موماي نالە-زارە قىلغىلى.

ئاندىن ئاڭلاندى موماينىڭ ئېيتقىنى: —
"كەتتى ئۈچ ئوغلۇم تۈگەل جەڭ قىلغىلى؛

بىر ئوغۇلدىن يېڭىلا كەلدى خەۋەر،
ئىككى ئوغلۇمنىڭ يېتىپتۇ ئەجىلى.

ئولگىنىغۇ كەتتى كەلمەس، ئەلۋىدا،
تىرىگى تۇرۇپتۇ مىڭ غەم يىگىلى.

قالمىدى ئەر ئۇرۇغى ئۆيۈمدە ھېچ،
نەۋرىمىز يارار ئاران سۈت ئەمگىلى.

كېلىنىمنىڭ كىيىمى جۇلجۇل شۇ تاپ،
ئۆيلار ھويلا-ئارامغا چىققىلى.

مەن قېرى بولسامۇ ھالسىز، رازىمەن —
سىز بىلەن ھازىرلا بىللە بارغىلى.

ھىلىمۇ خېياڭغا® بارسام، تاڭ بىلەن —
ئۆلگۈرەلەيمەن تاماق-ئاش ئەتكىلى."

ئوتتى تۈن بىر چاققىچە جىمجىت پېتى،
تۇردى كىمدۇ ئۈن سېلىپ يىغلىغىلى.

سۇبھىدە بولدۇم يەنە يولغا راۋان،
چىقتى چاللار مەن بىلەن خوشلاشقىلى.

## نىكادىن كېيىنكى جۇدالىق

چىڭگىلىك ئوت ياماشقاچ شاخ ـ پۇتاققا،
تىك بوي تارتماس ئوزى شۇڭا ئۇزاققا.

جەڭگە كېتەر يىگىتكە قىز بەرگىچە،
مىڭ ياخشىكەن تاشلىۋەتكەن بىر ياققا.

خوتۇنلۇققا بارغان بىلەن مەن، بىراق —
ئورنىمىزمۇ قالدى ئوخشاش سوغاقلا.

ئاخشىمى جۇپ، ئەتىگىنى تاق بولدۇق،
قانداق چىدار كىشى بۇنداق ئازاپقا!

سەپىرىڭىز يىراق ئەمەس ئانچىمۇ،
بارماقچىسىز خىياڭنىلا باقماققا.

سالام بېرەي، ئايان بولماي كىملىگىم،
دادىكامغا، ئانىكامغا قانداققا؟!

ئاتا-ئانام مېنى بېقىپ ئۆگەتكەن—
تالا-تۈزگە تولا-تىيىن چىقماسقا.

قىز دېگەننىگە ياتلىق بولۇش تۇغمىكەن،
مەيلى بارسۇن قانداق يىگىت لايىققا.

مانا ئەمدى يول ئالدىڭىز ئۇلۇمگە،
يۈرەك-باغرىم كاۋاپ مېنىڭ شۇ تاپتا.

سىز بىلەنلا ئۆتتەك بارغىم بار مېنىڭ،
قالغىدەكمىز ئەل ئىچىدە مازاققا.

تۇرمۇشتىكى جۇدالىقتىن غەم يىمەڭ،
خىيالىڭىز بولسۇن جەڭ-مەشىق قىلماققا.

مەزلۇم كىشى يۈرسە لەشكەر ئىچىدە،
لەشكەر ئىشى مۇشكۇل روناق تاپماققا.

ئىست دەيمەن، گادايلىقتىن ئۆزەمگە—
مىڭ تەسلىكتە تالالىغىم تولغاچقا.

كيىمگىم يوق ئەمدى مېنىڭ تويلۇقنى،
ئەگلىگىمنى سۇرتىۋەتتىم بىراقلا.

قۇشلار چىغى جۇپ ئۇچاركەن ئاسماندا،
كوك قەرىدە شوخ سەيلانە قىلماقتا.

مۇشكۇل ئىكەن ئىشىنىڭ ئوڭدىن كەلمىگى،
ئەقىدەم چىمىڭ سىزنى ئەبەت ساقلاشقا.

# قىرىغاندىكى جۇدالىق

تۇشمۇ-تۇشتا بىسلىمدى مالىمانلىق،
بولمىدى مەن قىرىغىمۇ تىنچ-ئامانلىق.

يىغىلىقتا قازا تاپتى بالام-نەۋرەم،
كۇن كورگىنىم مەن قىرىنىڭ نە خوشاللىق؟

هاسامىنىمۇ تاشلاپ بىراق سەپكە كىردىم،
هەمرالىرىم غەم يىيىشتى كوزى ياشلىق.

چىشلىرىمىمۇ تامام ساقتەك تۇرغان بىلەن،
يىلىگىم پۇتكەن، قىينار مىنى كەم مادارلىق.

دۇبۇلغىنى، ساۋۇتنىمۇ كىيدىم شۇ ئان،
بولدى ئىشىم سەردارلاردىن خوشلاشماقلىق.

قەدىناسىم يول بويىدا ياتتى يىغلاپ،
زىمىستاندا كىيىمى يوق تەن ياپارلىق.

پەملىدىمكى، ئەمدى ۋىسال تېپىش قىين،
باغرىم ئەزدى ئۇڭا شۇ تاپ قارىماغلىق.

موماي بىلەر كېتەرىم بار، يانارىم يوق،
تىلەر ماڭا ئۇزمەي تېخى ئېھتىياتلىق.

تۇمېندىكى سېپىل-قورغان پۇختىلاندى،
دۇشمەن كەلسە شىگيۇەنگە گەر يول توساقلىق.

بۇگۇن ئەمەس يېچېك⑨ قولدىن كەتكەن چاغلار،
ئولسەمۇ گەر، بىرقانچە ۋاخ بار ئامانلىق.

هاياتلىقتا ۋىسالمۇ بار، جۇدالىق ھەم،
سەۋەپ بولماس بىر ئوتۇشكە قېرىغانلىق.

تېرپىسىين-كۇلپەتلەرگە چېكمەن دەرت،
ئەسكە كەلگەچ ئاسايىشلىق، ياش-قىرانلىق.

يېغا-جىدەل قايناپ كەتتى پۇتۇن ئەلدە،
نەگە بارساڭ يول-جىلغىلار ئىس-تۇمانلىق.

تەن ـ جەسەتلەر دوۋە ـ دوۋە، گىيا بۇسلۇق،
قان ئاقمىغان يا تۇزلەڭ يوق، يا توقايلىق.

ماڭماسلىققا نە ئامالىم بۇندىنمۇ ھەم،
ئەمدى جانغا قالدى قايدا شادىمانلىق؟!

غېرىپ كۆلبەم تەرك ئەيلىبان يۇرۇپ كەتتىم،
ئاسمان غۇلاپ چۈشتى گويا بوپ زاۋاللىق.

# ماكانسىزلىقتىكى جۇدالىق

تيەنباۋ يىلى ئەن لۇشەننىڭ غەۋغا پەيتى،
چوڭۇ ـ كىچىك تۇشمۇ ـ تۇشقا قېچىپ كەتتى.

مەلىمىزدە يۈز ئۆيلۈكتىن قالماي بىرى،
باغ ـ ۋاراننى خوخا ـ يانتاق بېسىپ كەتتى،

ھاياتلارنىڭ ئىز ـ دېرىكى بولمىدى ھېچ،
ئۆلگەنلەرمۇ يەر تەكتىدە چىرىپ كەتتى.

قوشۇنىمىز جەڭدە بولۇپ تىرە ـ پىرەن،
شۇ قاچقانچە قەدىمىم ئۆز يۇرتقا يەتتى.

كوچا ـ كويىنى ۋەھىمىلىك سۈر بېسىپتۇ،
كۈنمۇ خىرە، غۇربەت باسقان كورۇنەتتى.

تاغ ـ جاڭگاللىنىڭ بورە ـ تۈلكە، قاۋانلىرى،
ئۇندا كورۇپ خىرىس بىلەن ھۇرپىيەتتى.

خوشنىلاردىن كىملەر ھايات باردۇ دىسەم،
بىرنەچچىلا موماي ئىڭراپ يۇرۇشەتتى.

قۇشقاچ چېغى ئۇۋۇسىنى تاشلىمايدۇ،
مېنىڭ مېھرىم ئوز يۇرتۇمدىن ئۇزۇلەمتى؟!

كوكلەم پەسلى ئېكىنچىلىك قىلدىم تەنھا،
كەچتە پېقىر ئوتياشلىقتا سۇ بېرەتتى.

ھاكىم بېگىم بىلىپ قاپتۇ كەلگىنىمنى،
قوشۇنغا ماڭ، دۇمباق چال، دەپ پەرمان يەتتى.

شۇ تەۋەدە لەشكەرلىككە تۇتۇلسامۇ،
دەپ بولامدۇ تارتىشارىم تۇگىگەنتى؟

يېقىنراقتا بارغىنىمغۇ ئوڭاي ماڭا،
يىراق دىسە، بارماسلىقتا نە ھەددىمتى؟!

يۇرتىمىزغۇ خاراپلىشىپ قاپتۇ تۇگەل،
يىراق-يېقىن بەرى ئۇخشاش بىلىنەتتى.

بەش يىل يېتىپ، ئازگاللدا جان بەرگەن ئانام،
قولۇم تۇتۇپ رازىلىقمۇ بىرەلمەپتى.

تۇغۇپتىكەن مەندەك دىتسىز يارىماسنى،
ھەسرەتتە مەن، ئۇمۇ پۇتمەس دەردتە كەتتى.

يۇرت-ماكانسىز قالسا كەلگەن بۇ ئالەمدە،
پۇقرالارغا ياشاش يولى نەگە كەتتى؟!

## شۇ بەگلىگى ۋەزىرى ھەققىدە

سوراغلاپ ئىزدىبان ھەر يان ۋەزىر-ئەزەم[10] مازارىنى،
كى جىنگۇەن[11] سىرتىمدىن تاپتىم باراقسان ئارچىزارىنى.

ئايان ئاق تاش پەلەمپەيدە گىيالار كوركىدىن كوكلەم،
كىشى يوق بۇندا ئاڭلارغا ناۋا ساز قۇش ئاۋازىنى.

جاھان ئىقبالىچۇن سۇلتان ئۇنى ئۇچ رەت تاۋاپ قىلغان،[12]
ئاتا قىلدى ئىككى دەۋران[13] ئۇچۇن ئۇمرىدە بارىنى.

ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ⑭ ئەپسۇس، زەپەر تاپماي، قازا تاپتى،
شۇڭا كېيىنكى ئەۋلاتلار كوزىدىن ئالدى زارىنى.

## باھار كېچىسىدىكى خاسىيەتلىك يامغۇر

ياخشى يامغۇر زەپ بىلەركىن پەسلىنى،
چۈشتى كوكلەمدە زېمىننى جانلىتىپ.

تۈندە سىم-سىم ياغدى سۈس شامال بىلەن،
گۈل-گىيانى شەپىسىزلا ياشنىتىپ.

قارا تۈننىڭ قوينىغا سىڭىپتۇ يول،
كورۈنەر قۇلۋاققىنا نۇر چاقنىتىپ.

تاڭ بىلەن جىنگۈەن يۇيۇنغان پەيتىدە،
غۇنچە-گۈل بەرگەي سالام دىل يايرىتىپ.

## مېھمان كەلگەندە

ئالدى-كەينىدە ئويۇمنىڭ ئاقىدۇ سۇلار تولۇپ،
كېلىدۇ بېلىقچى قۇشلار ھەر كۈنى پەرۋاز ئۇرۇپ.

كورمىگەن سۈپۈرگىنى گۈلزار يولۇم مېھمانىنى دەپ،
كەپىمىز ئىشىگى ئىچىلدى سىز ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ.

يوق ئېسىل نىمەتلىرىم، ئالماقتا ھەم بازار يىراق،
قول ئۈزۈك، ئازراقىنا قاپتۇ شارابىم، ئوي قۇرۇپ.

خوشنا چال بىرلە ئىچىشنى قىلسىڭىز گەر ئىختىيار،
چاقىراي، ئۈلپەتلىشىك، داستاندا بىللە ئولتۇرۇپ.

# كۆز بورىنىدا ۋەيران بولغان كەپەمگە بېغىشلاپ

سەككىزىنچى ئاي چىغى ئالەم تولدى بورانغا،
شاخ-شۇمبىنى كوتىرىپ ئوگزىمىزدىن ئاسمانغا،
ئېلىپ قاچتى ئۈچۈرۈپ دەريا ئېشىپ ھەر يانغا؛
شال-پاخالنىڭ بەزىسى دەرەخلەرگە ئىلىندى،
بەزىلىرى تىقىلدى چوڭقۇر ئازگال-گوداڭغا.

شۇ ئان ئاياغ مەلىدىن بىر توپ شۇمتەك چىقىشتى،
مەن قېرىدىن ھېيقماي بۇلاڭچىلىق قىلىشتى؛

هالدىن كەتتىم گال قۇرۇپ، توسالمىدىم ۋاقراپ،
شاخ-شۇمبىنى قۇچاقلاپ بامبۇكزارغا قېچىشتى.
ئۆيگە ياندىم ئاھ ئۇرۇپ توكۇسلىتىپ هاسامنى،
بوران جىمىپ بىر دەمدە تۇتەك باستى جاھاننى،
كۆزنىڭ ۋەسلى بىر يولى قازانغىلا جىمىشتى.

كونا ماتا يوتقاننى سوغ تومۇرگە ئوخشىتاي،
ئوماقلىرىم يىرتىشتى تېپچەكلىشىپ ئۇخلىماي،
تامچە ئوتتۇپ تورۇستىن ئۆزۈلمىدى تاسلداپ،
ياتارغىمۇ قالمىدى ئالقانچىلىك قۇرۇق جاي؛
جەڭ-جىدەلنىڭ دەستىدىن ئەسلى ئۆيقۇم كەم ئىدى،
ھولچىلىكتە بۇ تاڭنى ئەمدى قانداق ئاتقۇزاي؟!

مىڭلاپ ئالى بىنالار سېلىناركىن قاي ۋاقتا،
توڭغان مىسكىن چىرايلار ئېچىلاركىن قاي ۋاقتا،
بوران-چاپقۇن بولسىمۇ تاغدەك تۇرۇپ ئىمارەت،
ئولتۇرغانلار غەم يىمەي، شاتلىناركىن قاي ۋاقتا؟
جان-جىھنىمدىن رازىدىم سوغدا توڭلاپ ئولسەممۇ،
پاھ، ئاشۇنداق ئۆي-ماكان يارىلاركىن قاي ۋاقتىتا؟!

# ھەزرىتى خۇا جىڭدىڭغا*

شەھرى جىنگۇەندە كۈنۈ-تۈن قايىنغاچ نەغمە-ناۋا،
كەلتۈرۈپ لەرزىگە يەر ۋە كوكنى ياڭرايدۇ سادا.
چۈن پۈتۈلگەچكە بۇ نەغمە باغى ئىرەمگە پەقەت،
ئاڭلىنىپ باققان ئەمەس بىر رەتمۇ بۇ ئىنسان ئارا!!

* خۇاجىڭدىڭ — شۇ زاماندا چېڭدۇ شەھرىدە تۇرۇۋاتقان بىر ھەربى ئەمەلدار بولۇپ، لەشكەر باشلاپ بىر قېتىملىق يەرلىك توپىلاڭنى تىنجىتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ توھپىسىنى چوڭ ھىساپلاپ مەغرۇرلۇققا بېرىلگەن. دۇ فۇ بۇ شېئىرىدا قارىماققا نەغمە-ناۋانى ماختىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ.

# خان لەشكىرىنىڭ خېنەن-خېبېينى[15] قايتۇرۇۋالغانلىغىنى ئاڭلاپ*

ئېلىنىدى قولغا جىبېي[16] دەپ خەۋەر تارقالدى قاشمغا،
شۇ ئان ئوتكەل[17] خەۋىرىدىن ئىتەگىم تولدى ياشمغا.

ئايالىمنىڭ چىرايىدا تۇگەپتۇ غەم تۇسى باقسام،
يىغىشتۇردۇم بىساتىمنى سائادەت قوندى باشمغا.

غەزەل توۋلاپ ئىچەي مەيىنى پۇخالىق نۇرى ئاپتاپتا،
باهار ئەمدى ماڭا جۇرداش ئانا يۇرتقا ياناشمغا.

كېسىپ باشىيا بىلەن ۋۇشيانى شىياڭياڭغا[18] چۈشۈپ بارسام،
هايال يوقتۇر مېنىڭ لوياڭ[19] تامان ئاندىن باراشمغا.

---

* مىلادىنىڭ 763 - يىلى يانىۋاردا "ئەن لۇشەن — شى سىمىڭ توپىلىڭى" ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇشقا يۈزلىنىپ، نۇرغۇن قولدىن كەتكەن جايلار هوكۇمەت ئارمىيىسىنىڭ قولىغا قايتۇرۇۋېلىنىدۇ، دۇ فۇ زىجۇ (هازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ سەنتەي ناهىيىسى)دا تۇرۇپ بۇ خەۋەرلەرنى ئۇشتۇمتۇت ئاڭلايدۇ - دە، ئىچ - ئىچىدىن خوشاللىنىپ، بۇ شېئىرنى يازىدۇ.

## ۋاڭ جاۋجۈننىڭ* قەدەمجايىنى كورۈپ...

بىپايان تاغ-جىلغىلار جىنىمىزغا[20] كەلگەن جەم بولۇپ،
بۇندا مىڭغىي قىز[21] يىتىلگەندۇر گۈزەل سەنەم بولۇپ.

ئوردىدىن كەتكەنچە ئۇ كەزگەن شىمالنىڭ چۆلىنى،[22]
قەۋرىسى[23] تۇرغاندۇ تەنها قىش-يىزى كوكلەم بولۇپ.

* مىلادىدىن ئىلگىرى 33-يىلى خەن خاندانلىقى ۋاڭ جاۋجۈننى هونلارنىڭ باشلىقىغا تۇرمۇشقا چىقىرىدۇ-دە، بۇنىڭ بىلەن خەنزۇلار بىلەن هونلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىدۇ. ئاپتور مەزكۇر شېئىرنى گۇيجۇ (هازىرقى خۇبېي ئولكىسىدىكى زىگۇي ناهىيىسى) دىگەن جايدىكى جاۋجۈن كەنتىنى كورگەندىن كېيىن يازغان. ۋاڭ جاۋجۈن ئەسلىدە خەن خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىدىكى بىر كېنىزەك بولۇپ، رەسسامغا پارا-سوغات بېرىشكە مەيلى بارمىغاچقا، رەسسام ئۇنى سەت قىلىپ سىزىپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشانىڭ كىچىك خوتۇنلۇقىغا تاللىنالماي قالغان. ۋاڭ جاۋجۈن هونلارغا ياتلىق قىلىنىدىغان بولۇپ ئوردىدىن چىقىرىلىدىغان چاغدا ئاندىن پادىشانىڭ ئۇنىڭغا كوزى چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئوردا ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل قىز ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. ئاپتور ۋاڭ جاۋجۈننىڭ بۇنداق تەقدىرگە ئۇچرىغانلىقىغا چوڭقۇر هىسداشلىق بىلدۈرىدۇ، ئەمىلىيەتتە بولسا مۇشۇ ۋەقەنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئوزىنىڭ قەدىرلەنمەي قالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

گۆل ئۇزارى بولمغان ئەسلىدە سۈرەتتە ئايان،
روھى ئايدىڭدا كېلەر بىزەك تاقاپ كوركەم بولۇپ.

نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ھون كۆيلىدى بەرباپ بىلەن،
ئاڭلىنار كۆي ئەمدى ئۇندىن تۈگمەس ئەلەم بولۇپ.

# ئىگىزگە چىققاندا*

كۆچەيدى كوكتە يەل بىردىن، چىرىلداشماقتا مايمۇنلار،
ئاقارغان قۇم، سۈزۈك سۇنى كېتەلمەس ئەگىشىپ قۇشلار.

شاراقلايدۇ ئۇچۇپ ياپراق، سېرىق لىباس كەڭ ئورماندا،
ئۇزۇلمەس شۇ ئەزىم چاڭجياڭ ياساپ كەلمەكتە شاۋقۇنلار.

بولۇپ سەرسان مۇشەققەتتە تۈمەن يولنى كېزىپ يۈردۈم،
ئىگىز دوڭگە چىقىپ كەلدىم، ئۆزەم تەنھا، كوڭۇل بىمار.

* ئاپتور بۇ شېئىرنى كۇيجۇ ئايمىغىدا بولغان چاغدا، چۇڭگياڭ بايرىمى كۈنىسى ئۆزى تەنھا دەريا بويىدىكى ئىگىزلىكتە تۇرۇپ مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىشتىن ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرى ئاساسىدا يازغان.

قىرولار ئاۋۇدى باشتا رىيازەت، دەرت-ئەلەم بىرلە،
ئەجەپ ئۇرتەندى بۇ جانىم قىلىپ مەيدىنىمۇ[24] ھەم زىنھار.

# سول قول ۋەزىر ۋېيجى[25] جاناپلىرىغا يېزىلغان 22 قاپىيىلىك شېئىرىي مەكتۇپ

تاۋار كىيگەن ئاچتىن ئۆلمەس جاھاندا،
كۆڭزى تەلپەك[26] قالاركەن دەرت-پىغاندا.

قۇلاق سىلىك مەن پېقىرنىڭ ھالىغا،
بىر-بىر بايان ئەيلەي باشتىن مەن بۇندا.

گودەك چېغىم تەرك ئەيلىبان يۇرتۇمنى،
ئاستانىغا كەلدىم بۈيۈك ئارماندا.

سۇدەك يادا ئالدىم كۆرمىگ كىتاپنى،
قەغەز ئوزرە چاپتى قەلەم ھەر ئاندا.

نەسىرلىرىم شوھرەت تاپتى ياك شيۇگدىن[27]،
ساۋجۇ[28]غىمۇ يەتتىم نەزمە يازغاندا.

لى يۇڭ㉙ ھەزرەت خۇمار قىلغان دوستلۇقنى،
ۋاڭ خەن㉚ كۈتكەن خوشنىدارلىق بىر چاغدا.

ئۆزەمنى خوپ كامالەتلىك چاغلىدىم،
قەدرىم بولغاي دەپ ئاستانە بارغاندا.

خاننى ئۈندەپ ياۋ، شۇندىنمۇ ئۇتۇشكە،
زۇمرەت تۈسىن بەرمەك بولدۇم ھەر ياندا.

ئەزبىرايى قۇرۇق ھەۋەس قىپتىمەن،
خوشلۇق كورمەي، نەزمە تۈزدۈم ئەپغاندا.

ئون ئۈچ يىلنى ئىشەك مىنىپ ئۆتكۈزدۈم،
ئاستانىگە بۇ رەت سەپەر قىلغاندا.

ئەتىگىنى قاقتىم بايلار ئىشىگىنى،
ئات چىكىدا قالدىم كەچتە-ئاخشامدا.

ئاشقان-تاشقان بولدى مىنىڭ نىسۋەم،
دەرت-ئەلەمنى يۈتتۇم يىغا باسقاندا.

قابىل ئىزلەپ يارلىق بەرگەچ شاھ بۇلتۇر،
ئۆزەمنى بىر سىناي دىدىم مەيداندا.

تەلىيىمۇ تەتۈر ئىكەن قىسمەتتە،
غۇلاپ چۈشتۈم، ۋاپا يوقكەن دەۋراندا.

ھىممىتىڭىز ئالدىدا كوپ خىجىلمەن،
خىسلىتىڭىز پارلىماقتا ھەر ياندا.

نەزمىلىرىم تەرىپىنى قىلدىڭىز،
مەنسەپدارلار سورۇنغا جەم بولغاندا.

ھەزرەتلىرى ئەمەل تۇتقاچ كوڭلۇم شات،
ئۇمىت يوقتى يۈەن شىيەن[31] كەبى گادايدا.

تۇرغۇلۇقمۇ غەزەپلەنمەي ئەلەمگە،
تىگىرقاپلا تۇرۇپ قالدىم بۇ جايدا.

شەرق تەرەپكە يول ئالماقچى مەن ئەمدى،
نىسىپ بولماي يۇرمەكلىك بۇ ماكاندا.

جۇڭنەن تىغى[32] ئارا ئىچىم ئورتىنۇر،
تەلپۇنىمەن، ۋېيشۇي[33] تامان بارغاندا.

رەھمەت ئېيتار بىر ۋاخ غىزا بەرگەنگە،
كوزۇم قىيماس سىزدىن يىراق ماڭغاندا.

كىملەر قادىر بولالىسۇن تۇتقىلى،
چايكا سىمان كوككە پەرۋاز قىلغاندا.

# مىسكىن ـ غېرىپلىق

ئەجەپ شوخ بىر بالىدىم ئون بەش ياشلىق چاغىمدا،
توسۇن تايدەك ئويناقلاپ جىم تۇرمايتتىم جايىمدا.
سەككىزىنچى ئاي كېلىپ، نەشپۈت ـ چىلان پىشقان چاغ،
ھەر كۈنلۈگى دەرەخقە مىلىك چىقاتتىم چامىمدا.

كىرىپتىمەن ئەللىككە مانا ھەش ـ پەش دىگىچە،
ئىشىم يېتىش، ئولتۇرۇش، تۇرماق ـ يۇرمەك ئاز شۇنچە.
غەم ـ ئەلەملەر يېپىشتى، قىسمىتىمدۇر ناشادلىق،
ھەركىملەرگە يىلىندىم ئوزەم زورلاپ كۈلگەنچە.

توت تام يەنە ئوز پېتى ئىشىگىمدىن كىرگەندە،
مىسكىن چىراي رەپىقەم، مەنمۇ باقتىم ھەم غەمدە.
يېنىپ قازان بېشىدىن كەنجى بالام قاخشىدى ـــ
غەزەپلەندى بىئەدەپ، قولۇم قۇرۇق كورگەندە.

# تەيشەن تېغىنى كورۇپ

دەيزۇڭ تاغىنى㉞ قانداق دېبان بارسام،
چى، لۇنى㉟ يېشىللىق ئىلكىگە ئاپتۇ.

كېچە بولسا بۇ ياغى، ئۇ يېقى كۈندۈز،
تەبىئەت بارچە زىننەتنى بېغىشلاپتۇ.

كوڭلۈم يايرىدى باقسام بۇلۇت ئوزرە،
ئۇچار قۇشلار تامام شۇ ياققا يول ئاپتۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقسام گەر تېپىپ ئىمكان،
دىگەيمەن: ئوزگە تاغلار بارى پەس قاپتۇ.

[ئىزاھلار]

① فۇجۇ ــ ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ فۇشيەن ناھىيىسى.

② دىلبىرىم ــ دۇ فۇ ئوزىنىڭ ئايىلىنى كوزدە تۇتىدۇ.

③ چياڭسۇن كەنتى ــ دۇ فۇنىڭ ئائىلىسى شۇ چاغلاردا تۇرغان كەنت بولۇپ، ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ جۇڭبۇ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

④ قېرىغاندا ــ ئۇ چاغلاردا دۇ فۇ گەرچە 46 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئوزى ياشانماي تۇرۇپ قېرىپ كەتكەنلىكتىن، مۇشۇنداق دەپ ئېيتىشقا

مەجبۇر بولدۇ.

⑤ تاۋلىندىكى جەڭ — تاۋلىندا بولغان جەڭدە گې شۇخەن 200 مىڭ لەشكەر بىلەن دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىپمۇ تۇڭگۇەننى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان، نەچچە ئون مىڭ لەشكەر خۇاڭخېغا چۈشۈپ كەتكەن.

⑥ گې شۇخەن — تاڭ سۇلالىسى تۇڭگۇەن ئوتكىلىنى ساقلاشقا قويغان ھەربى باشلىق.

⑦ شىخاۋ — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شەنشيەن ناھىيىسىدىكى بىر يېزا.

⑧ خېياڭ — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مېڭشيەن ناھىيىسى ئەتراپىدا بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپى.

⑨ تۇمېن، شىگيۇەن، يېچېڭ — ھەممىسى ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى تەۋەسىدىكى جاي ئىسىملىرى.

⑩ ۋەزىر — جۇگې لياڭ. ليۇ بېي شۇ بەگلىكىگە بەگ بولغاندا جۇگې لياڭ ئۇنىڭ قول ئاستىدا ۋەزىر بولغان.

⑪ جىڭگۇەن — جىڭگۇەن شەھىرى يەنى ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىدىكى چېڭدۇ شەھىرى.

⑫ ئۈچ رەت تاۋاپ قىلىش — ليۇ بېي جۇگې لياڭدىن ئەقىل سوراش ئۈچۈن ئۇنى ئۈچ قېتىم ئىزدەپ بېرىپ ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن سوھبەتلىشىپ مەسلىھەت ئالغان.

⑬ ئىككى دەۋران — ليۇ بېي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ليۇ شەن دەۋر سۈرگەن ئىككى دەۋر.

⑭ ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ — مىلادىنىڭ 234 - يىلى جۇگې لياڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋېي بەگلىكىگە ئەسكەر چىقىرىپ ھۇجۇم قىلغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ كوپ قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ھېچ غەلىبىگە ئېرىشەلمەي، يەنە ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرۇپ غەلىبە قىلغىچە ئارىلىقتا جۇگې لياڭ ئۆزى

قازا تاپقان.

⑮ خېنەن ـ خېبېي ــ هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى لوياڭ شەھىرى ئەتراپى ۋە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىنى كورسىتىدۇ. خان لەشكىرى ــ تاڭ خاندانلىغىنىڭ هوكۇمەت ئارمىيىسىنى كورسىتىدۇ.

⑯ جىبېي ــ هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمى. شۇ دەۋردە ئۇ يەرگە ئەن لۇشەن ـ شى سىمىڭ توپىلاڭچى قوشۇنلىرىنىڭ تايانچ بازىلىرى قۇرۇلغان.

⑰ ئۇتكەل ــ سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدا جيەنمېنگۇەن ئۇتكىلى دىگەن جاي، دۇ فۇ شۇ چاغدا سىچۇەندە تۇرۇپ بىر قىسىم جايلار توپىلاڭچىلار قولىدىن قايتۇرۇۋېلىندى، دىگەن خوش خەۋەرنى ئاڭلىغان.

⑱ كېيىپ باشىيا بىلەن ۋۇشىيانى شياڭياڭغا چۇشۇپ بارسام: ــ باشىيا ــ شىلىڭشىيا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، خۇبېي ئۆلكىسىدىكى بادۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە؛ ۋۇشيا ــ خۇبېي ئۆلكىسىدىكى بادۇڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە؛ سىچۇەندىن چاڭجياڭ دەرياسىنى بويلاپ شەرق تەرەپكە يۇرگەندە ئاشۇ جايلاردىن ئوتۇشكە توغرا كېلىدۇ.

⑲ لوياڭ ــ هازىرقى لوياڭ شەھىرى، شۇ چاغلاردا دۇ فۇنىڭ ئائىلىسى شۇ يەردە ئىدى، شۇڭا ئۇ لوياڭنى ئانا يۇرت دەپ ئاتايدۇ.

⑳ جىنمېن ــ جىنمېن تېغى، هازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىدىكى يىدۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىغىغا توغرا كېلىدۇ.

㉑ مىڭفېي قىز ــ ۋاڭ جاۋجۈن.

㉒ كەزگەن شىمالنىڭ چولىنى ــ پادىشا ئوردىسىدىن چىقىپ، شىمالدىكى كەڭ چول ـ جەزىرىلەرنى بېسىپ ئاندىن مەنزىلگە يەتكەن دىمەكچى.

㉓ قەۋرىسى ــ ۋاڭ جاۋجۈننىڭ قەۋرىسى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل

ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى بولغان كوكخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەردىكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ھەممىسى ئاق رەڭدە ئىكەن، پەقەت ۋاڭ جاۋجۈننىڭ قەۋرىسى ئۈستىدىلا ياپ ـ يېشىل ئوت ـ چۆپ بار ئىكەن.

㉔ قىلىپ مەيدىن ــ ئەسلىدە دۇ فۇ خېلى دەرىجىدە مەي خۇمار ئىدى، ئەمما قېرىغانچە كېسەلمەن بولۇپ، مەي ئىچىشتىن قالغان. مەي ئىچەلەيدىغان بولسا، ۋاقتىنچە بولسىمۇ دەرت ـ ئەلەمدىن خالاس بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەي ئىچىشتىن قالغانلىقى ئەلەم ئۈستىگە ئەلەم بولۇپ، روھسىزلانغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

㉕ ۋېي جى ــ تيەنباۋ يىلىنىڭ 7 ـ يىلى سول قول ۋەزىر بولغان بولۇپ، دۇ فۇنىڭ شېئىر ـ نەزمىلىرىگە ناھايىتى ھېرىسمەن ئىكەن. ئۇ چاغلاردا دۇ فۇ چاڭئەنگە قاۋلىپ قىلىپ ئۆز ھاياتىدىن زارلىنىپ تۇرغاچقا، مەزكۇر شېئىرنى يېزىپ سول قول ۋەزىر ۋېي جىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى جەمىيەتنى ۋە سىياسى تۇرمۇشنى سوككەن.

㉖ كۇڭزى تەلپەك ــ دۇ فۇ ئۆزىنى كۇڭزىچى ھىساپلايدۇ.

㉗ ياڭ شيۇڭ ــ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىپ.

㉘ ساۋجىز ــ 3 دولەت يەنى 3 پادىشالىق دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر.

㉙ لى يۇڭ ــ ئەينى دەۋردە دۇ فۇنىڭ تالانت ـ ئىقتىدارىغا ئاپىرىن ئوقۇغان ھەم ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشنى ياقتۇرغان بىر مەشھۇر كىشى.

㉚ ۋاڭ خەن ــ ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر شائىر. لى يۇڭمۇ، ۋاڭ خەنمۇ دۇ فۇغا ئاتا دىمەت كىشى.

㉛ يۈەن شيەن ــ كۇڭزىنىڭ شاگىرتى بولۇپ، يوقسۇزچىلىقتا نامى چىقار كەتكەن.

㉜㉝ جۇڭنەن تېغى ۋە ۋېيشۇي دەرياسى چاڭئەن شەھرىگە تەۋە

جايلاردا.

㉞ دەيزۇڭ تېغى ــ تەيشەن تېغى.

㉟ چى، لۇ ــ فەدىمقى چى بەگلىگى دەيزۇڭ تېغىنىڭ شىمالىي يېقىدا، قەدىمقى لۇ بەگلىگى دەيزۇڭ تېغىنىڭ جەنۇبىي يېقىدا بولۇپ، ئۇ تاغ ھەر ئىككى بەگلىكنىڭ زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.



# سېن شېن

سېن شېن (مىلادى 715 — 770 ـ يىللار) نەنىياڭ (هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىگە تەۋە جاي)دىن. ئۇ مىلادىنىڭ 744 ـ يىلى تەشرىپىدارلىققا ئۆتكەن. ئۇ ئۇزاق مۇددەت ھەربىي قوشۇندا بولغان، ئۇنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايوندا تۇرغان ۋاقتىمۇ ناھايىتى كوپ بولغان. ئۇنىڭ چېگرا رايون تۇرمۇشىدىن يازغان شېئىرلىرى ئالاھىدە مەشھۇر بولۇپ، شېئىرىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئۇزى بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن گاۋشى دىگەن شائىردىنمۇ ئېشىپ چۈشكەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# فېڭ چاڭچىڭ① جاناپنىڭ غەرپكە يۈرۈش قىلىشى

كوردۇڭ بەلكى قارلىقتىن يۈرگىنىڭدە ساي تامان،
قۇم ـ بورانلار قاپسىغان جەزىرىنى بىپايان،
باش كۆزدىلا كېچىدە بۇندا تىنىماس جۇت بوران.

ئادەمسىياق قورام تاش، بۇندا باقساڭ ھەممە جاي،
قۇم-شېغىللار بوراندا ئۇچۇپ تۇرار توختىماي.

ئوت-گىيالار پىشقان چاغ، ھون ئاتلىرى بەقۇۋۋەت،
ئالتۇن تاغنىڭ② غەربىدە ئورلەر كوككە دۇت-تۇتەك،
كېلەر خەنلىك③ سەركەردە لەشكەر تارتىپ يەكمۇ-يەك.

ساۋۇت بىلەن ياتىدۇ لەشكەر تۈندە ھەممە ۋاق،
كەچ يۈرگەندە ئۇرۇلۇپ جاراڭلىشار تىغ-ياراق،
شامال ئۇرار ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە بوپ پىچاق.

قار چۈشىدۇ ھورىغا چىلان تورۇق چاپقان دەم،
قاتار ئالتۇن جابدۇقلار ئات ھورىدىن بولغان نەم،
مۇزلار تېخى بارگاھتا سيادان ھەم يۇڭ قەلەم.

بۇ يۈرۈشتىن مۇبادا تېپىپ قالسا ياۋ خەۋەر،
ئېلىشىشقا پېتىنماس، يۈرىگىگە دەز كېتەر،
شۇ بەشبالىق④ يېرىدىن ئولجا كۇتكىن، كۇت زەپەر.

# ۋۇ مىرزىنى⑤ ئاستانىغا ئۇزىتىشقا
# بېغىشلاپ

چىغلارنىمۇ ئۇزۇپ كەتتى كەڭ زىمىننى قۇچقان بوران،
ئاۋغۇستتا خۇر دىيارىدا قار ئۇچۇشتىن بولدى نىشان.

قاياقتىندۇ تۇندە كوكلەم سۇرى بېسىپ كەلگىنىدەك،
دەل ـ دەرەخلەر ئاقىرىپتۇ نەشپۇتنىڭ گۇل ـ چېچىگىدەك.

مىلەڭزىدىن شۇڭغۇپ قارلار چىمىلدىقنى قىلىشتى نەم،
قاما جۇۋا، كىمخاپ توشەك كار قىلمىدى بۇ جۇتقا ھەم.

ساداق تارتىپ ئۇق ئۇزۇشكە سەركەردە قول سوزالمىدى،
ساۋۇتىنى سېپىشقىمۇ تۇتۇق بەگدە ئەپ بولمىدى.

قايسى تامان چۇشسە كوزۇڭ مۇز ئىلكىدە قاپتۇ ئالەم،
تۇتەك ـ تۇمان ۋەسۋەسىسى سالدى ماڭا ئەندىشە ـ غەم.

سەركەردىمىز يولچى⑥ بىلەن خوشلاشقىلى ئىچىشتى مەي،
خۇش كەيپتە بەزمە ئارا تەڭكەش بولدى بەرباپۇ ـ نەي.

بارگاھىمىز ئىشىگىنى قار بېسىپتۇ ئۈست-ئۈستىلەپ،
قىزىل تۇغلار ئېچىلمايدۇ سوقسىمۇ يەل شۇنچە ئەدەپ.

مەشرىق تامان يول ئالدىڭىز بۈگۈن رۇمتاي⑦ دىيارىدىن،
ئەگرى تېغى يولىنى قار چۈگكەپتۇ ھەر تامانىدىن.

قارىڭىزمۇ غايىپ بولدى ئەگرى-توقاي تاغ يولىدا،
ئارقىڭىزدىن باقسام شۇ ئان، قاپتۇ پەقەت ئات ئىزىلا.

[ئىزاھلار]

① فېڭ چاڭچىڭ — تاڭ خاندانلىغىنىڭ پادىشاسى شۈەنزۇڭ خان زامانىدا تاڭ خاندانلىغىنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى. شۇ مەزگىللەردە سېن شېن ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن بىللە بۈگۈر (ھازىرقى شىنجاڭ تەۋەسىدە)دە تۇرغان.

② ئالتۇن تاغ — شۇ دەۋردە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى.

③ خەنلىك — خەن سۇلالىسى پادىشاسىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئەمما بۇ يەردە بولسا تاڭ خاندانلىغىنىڭ ھاكىمىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

④ بەشبالىق — شۇ دەۋردە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى جىمسساردا قۇرۇلغان بىر بەگلىك.

⑤ ۋۇ مىرزا — باسقاق بەككە ياردەملەشكۈچى ۋۇ پەمىلىلىك مىرزا.

⑥ يولچى — ۋۇ مىرزىنى دېمەكچى.

⑦ رۇمتاي — ھازىرقى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى جاي.

# يۈەن جيې

يۈەن جيې (مىلادى 719 ـــ 772 ـ يىللار) خېـنەن (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لوياڭ شەھىرى)دىن بولۇپ، مىلادىنىڭ 753 ـ يىلى تەشرىپ-دارلىققا ئۆتكەن. ئەن لۇشەن توپىلىڭىنى باســتۇرۇش يولىدىكى ھەربى پائالىيەتلەرگە قاتناشقان. كېيىن ئۇ داۋجۇ (ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسىدى-كى داۋشيەن ناھىيىسى)غا ئامبال بولغان. ئەدىبىي پائالىيىتىدە خەلقنىڭ دەرت ـ ئەلەملىرىگە ھىسداشـلىق قىلىدىغان بەزى شېئىرلارنى يازغان ۋە ئۆزى بىلەن زاماندىش 7 شائىرنىڭ شېئىر ـ نەزمىــلىرىنى بىرلەشــتۈرۈپ توپلام قىلغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# تاش بېلىق كولى بويىدا كەيىپ بولۇش

تاش بېـلىق كول① ئەجەپمۇ ئوخشايدىكەن دۈڭتىڭغا②،
جۇنشەن③ خويما ياشرىپ، لىقلىنىپتۇ كول سۇغا.

قەدەھ قىلىپ بۇ تاغنى، كول سۇيىنى مەي قىلدۇق،
كولدىكى چوڭ ئارالغا ئۇلپەت دوستلار يىغىلدۇق.

ئەزۋەلـدى جۈت بوران هەم قانچە كۈندىن كۈن-تۈنلەپ،
توختىنالماس قولۋاقنى مەي توشۇشتىن جىدەللەپ.

باچيۈ④ ئۇزرە سورۇندا نوگاي تۇتۇپ ئولتۇردۇم،
غەمدىن خالاس بولۇشقا ئۈلپەتلەرگە مەي قۇيدۇم.

[ئىزاھلار]

① تاش ئېلىق كول — ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ داۋشيەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىر كول.

② دۇڭتىڭ — ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسىدىكى دۇڭتىڭخۇ كولى.

③ جۈنشەن — دۇڭتىڭخۇ كولىدىكى بىر تاغ.

④ باچيۈ — دۇڭتىڭخۇ كولى بويىدىكى بىر تاغ.



# جاڭ جى

جاڭ جى شياڭجۇ (ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شياڭفەن شەھىرىگە يېقىن جاي) ئايمىغىدىن بولۇپ، تيەنباۋ يىللىرى (مىلادى 742 — 756 يىللار) تەشرىپدارلىقتا ئوتۇپ ئەمەلدار بولغان. ئۇنىڭ شېئىر-نەزمەلىرىنىڭ ساياھەت خاتىرىسى تەرىقىسىدە يېزىلغانلىرى كوپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ 40 نەچچە پارچە شېئىر-نەزمىسى «كۆللى تاڭ نەزمىلىرى»دە بىر دىۋان سۈپىتىدە ساقلانغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## كېچىدە فېڭچياۋدا① توختىغاندا

ۋىچىرلار قۇش، موكۇندى ئاي، قىرودا زەپىران ياپراق،
بېلىقچىنىڭ چىراغىدا يۇمۇلماس كوز، ئۇزەم ئويغاق.
گۇسۇ② سىرتىدا تاغ ئاياز ئىبادەتخانىسى③ ياقتىن —
يېرىم ئۇندە قېيىققا زىل سادا يەتكۈزدى قوڭغۇراق④.

# چاڭمېن⑤ تەسراتى

تۈتۈلۈپ ئەسكەرگە دىخان كېمىگە بولدى راۋان،
قاپلىدى تېرىلغۇ يەرنى ياۋا ئوت، گىيا تامام.
ئىس⑥ چىقار دەپ نەچچە ئويدىن گۈل-چېچەك ئايەمىدە،
ئۈستىدە قەلئە-ھىسارنىڭ قارىدىم سەھرا تامان.

[ئىزاھلار]

① فېڭچياۋ — ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى سۇجۇ شەھرىنىڭ سىرتىدىكى بىر جاي.

② گۇسۇ — ھازىرقى سۇجۇ شەھرىنىڭ قەدىمي ئاتىلىشى.

③ تاغ ئاياز ئىبادەتخانىسى — فېڭچياۋ دىگەن جايغا يېقىن ئەتراپتىكى بىر بۇتخانا.

④ قوڭغۇراق ساداسى — شۇ دەۋرلەردە كېچە بولغاندا بۇتخانىدا قوڭغۇراق چېلىش ئادىتى بولغان.

⑤ چاڭمېن — سۇجۇ شەھرىنىڭ بىر دەرۋازىسى.

⑥ ئىس — قەدىمقى دەۋردىكى كىشلەرنىڭ ئادىتى بويىچە چوكانتال بايرىمى بولۇشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئوت يېقىش مەنئى قىلىندۇ، چوكانتال بايرىمى بولغان كۈنى يېڭىدىن ئوت يېقىلىدۇ.

# دەي شۇلۇن

دەي شۇلۇن (مىلادى 732 ــ 789 ـ يىللار) رۇنجۇنىڭ جىنتەن (ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىگە تەۋە جاي) دېگەن يېرىدىن بولۇپ، جياڭشىدا ئەمەل تۇتقان. ئۇنىڭ 300 پارچىغا يېقىن شېئىر ـ نەزمىلىرى «كۆللى تاڭ نەزمىلىرى»دە ئىككى دىۋان قىلىپ ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقنىڭ رىيال تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ياخشى ئەسەرلىرى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# لەنشى[1] ناخشىسى

خۇددى ئەگىم قاشىسمان ئاي نۇر چاچار شاخ ئۇچىدا،
ئەكس ئېتەر يۈي بەگلىگىنىڭ[2] تاغلىرى تىنىق سۇدا.
تۇندە پىلتىڭلاپ بېلىقلار ئوقچىشار قىرغاقلىغا،
قۇيىدى باھار يامغۇرى لەنشىدا ساق ئۈچ كۈن ئۇدا.

# ئېكىنچى قىزلار نەزمىسى

ئۆگا ياساپ قالىغاچ، ياشىنغاندا بامبۇكزار،
ئۆرۈق سېلىپ يەر چاناپ يۈرگەن قايسى جۈپ قىزلار؟

ئېكەلمەپتۇ يېرىنى نە ئۆيى يوق، نە ھىمات،
بوشىتىدۇ تۇپراقنى كۈرەك بوپتۇ تىغ-پىچاق.

دەيدۇ ئۇلار: "يوقسۇل بىز، قېرىپ قالدى ئانىمىز،
ئۆيلەنمەستىن تۇرۇپلا جەڭگە كەتتى ئاكىمىز.

ئۆلۈپ قالدى ئۆيىمىز ئۆتكەن يىلى ۋابادىن،
گورە قويۇپ شايىنى، كۈرجەك ئالدۇق بازاردىن.

بىلمىسۇن دەپ ئۆزگىلەر يۈزگە تارتتۇق گۈل رومال،
يەر تېرىغان كۈرەكتە بارمۇ بىزدەك جۈپ ئۇۋال؟!"

ھەمشىرىلەر يەر چانار پۈچىلىنىپ ئەلەمدە،
باش كۆتىرىپ قارالماس يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنگە.

ئۆيمان ـ دوڭنى تۈزلىدى ئۈنمسۈن دەپ ياۋا ئوت،
چونەك چىپىپ، قىر تارتىپ يامغۇر كۆتەر، قۇيار قۇت.

چىڭقى چۈشتە كۈن قىيام غىزاغا ماڭدى ئۇلار،
ھۆركۆپ ئۈچتى يۇمران چىل ئىزدىگەن جورە سىڭار.

تۈشمۇ ـ تۈشتا گۈل ـ چىچەك، ئوتمەكتە تېز گۈل باھار،
دەردىگە دەرت قوشۇلۇپ كوزىدە دەريا ياش ئاقار.

[ئىزاھلار]

① لەنشى — ھازىرقى جېجياڭ ئولكىسى لەنشى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۇستەڭ.

② يۈي بەگلىگى — ھازىرقى جېجياڭ ئولكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىلىرى.

# ليۇ چاڭچىڭ

ليۇ چاڭچىڭ (مىلادى 709 — 780 - يىللار) خېجيەن (هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى خېجيەن ناھىيىسى)دىن بولۇپ، مىلادىنىڭ 733 - يىلى تەشرىپدارلىقتا ئوتتۇپ ئەمەل تۇتقان. ئۇ گۈللەنگەن تاڭ دەۋرىدە شېئىرىيەتتە خېلى داڭ چىقارغان، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتتە يۈكسەك دەرىجىگە يەتكەن. بولۇپمۇ 5 بوغۇملۇق ئەندىزىلىك شېئىرنى يېزىشتا ماھىر بولغان، ئۇنىڭ تىلى راۋان ۋە ياسالمىلىقتىن خالى، ئەمما ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە غېرىپ - مىسكىنلىك ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرى تەسۋىرلىنىدۇ، چوڭقۇر رىيال مەزمۇن كەم. ئۇنىڭ 400 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر - نەزمىلىرى «ليۇ سۇجۇ دىۋانى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## فۇرۇڭشەندە① قار ياققاندا قونالغۇ تېپىش

موكۈندى كۈن پايانى يوق شۇ تاغلىقتا،
سوغاقنا كەپمۇ يوق ھېچ پانالىققا.

قاشا ئىشكتىن بىر ئىتنىڭ ھاۋشۇشى كەلدى،
بىلىندى چارە ئويۇمدىن بۇ قارلىقتا.

[ئىزاھ]

① فۇرۇڭشەن ــ ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىمۇ، خۇنەن ئۆلكىسىدىمۇ شۇ نامدىكى تاغ بار، بۇ يەردە قايسى ئىكەنلىكى نامەلۇم.



# ۋېي يىڭۋۇ

ۋېي يىڭۋۇ (مىلادى 737 — 790 - يىللار) قەدىمقى پايتەخت چاڭئەندىن بولۇپ، سۇجۇدا ئامباللىقتا ئولتۇرغان. ئۇنىڭ «دىۋانى ۋېي سۇجۇ» دىگەن ئەسەرلەر توپلىمى ساقلانغان. تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەش ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاساسي سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ، ئەمما بەزى شېئىرلىرىدا چۆشكۈنلۈك كەيپىياتى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## چۇجۇدىكى* شىجيەن دەرياسى بويىدا

لېۋىدە ئايىنغان چوپلەر كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلدى،
باراقسان شاخ ئارا كاككۇك تىنىمسىز خۇش ناۋا قىلدى.
باھارنىڭ دولقۇنى ئۇزرە قوشۇلغان يامغۇرى كەچتە،
تۇرار قولۋاقلا لەپپەڭشىپ، مىنى بۇ پەيت رىزا قىلدى.

---

* چۇجۇ — ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ چۇشيەن ناھىيىسى. شىجيەن — چۇجۇ شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر دەريا بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شاڭماخې دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن.

# لى كاڭچېڭ

لى كاڭچېڭ مىلادىنىڭ 750 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئۆتكەن شائىر بولۇپ، لى بەي ۋە دۇفۇلار بىلەن زاماندىش شائىر. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## سۇ لەيلىسى يىغىش

يىغىمىز سۇ لەيلىسى،
ئاي موكۇپ، چۈشكەندە دەرياغا شەپەقنىڭ شولىسى.
لەيلى، نىلۇپەر كىيىم ھىدى قوشۇلغان بىر بولۇپ،
سۇدا ئويناىدۇ بېزەك، شەلپەر ئىگىنلەر جىلۋىسى.

كوكتە بۇلۇت، چىقتى بوران، قايتقىلى يوللار يىراق،
قايتقىلى يوللار يىراق،
بولمىدۇق بىللە ئۇزاق!
بۇرۇلۇپ ياندۇق يەنە
ئوينىتىپ قولدا پالاق.

# لۇ لۈن

لۇ لۈن (مىلادى 748 — 800 ـ ؟ يىللار) خېجۇڭـدىكى پۇ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يۇڭجى ناھىيىسى) دىگەن يېرىدىن بولۇپ، بىرقانچە قېتىم ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئۆتەلمەي، ئاخىرى باشقىلارنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئەمەلدار بولغان. ئۇ ھەربى تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى مەردانە، جۇشقۇن كەيپىياتتا يېزىلغان، خەلقنىڭ تۇرمۇش ھىسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەزى ياخشى شېئىرلارنىمۇ يازغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## چېگرا ناخشىسى①

(ئىككى شېئىر)

### 1

كەلدى ئورمان ئىچىدىن شەپە يېتىپ،
چىقتى سانغۇن② كېچىدە ئوقيا ئېتىپ.

پەيلىك ئۇقنى ئىزدىدى سەھەردە ئۇ،
سانجىلىپ قاپتۇ يوغان تاشنى تېشىپ.

2

شۇڭغىدى قاراڭغۇلۇققا يەر ـ جاھان،
قاچتى ھونىلار سەرۋەرى پەيت دەپ شۇئان.
سۇردى سانغۇن ۋە چەۋەندازلار ئۇنى،
قاردا ئەپچىل ئوينىتىپ قىلىچ ـ كامان.

[ئىزاھلار]

① چېگىرا ناخشىسى ـــ قەدىمقى دەۋردە چېگىرىدىكى ھەربىلەر تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەيدىغان بىر خىل شېئىر شەكلى ھەم ئۇمۇمى تېما.

② سانغۇن ـــ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سەركەردە لى گۇاڭ. ئۇ چېگرا جايلاردا ئوۋ ئوۋلىغانىدا ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىكى يوغان بىر تاشنى كورۇپ ئۇنى يولۋاس دەپ ئاتىدۇ ـ دە، كۆچەپ ئاتقان ئوقيا ئوقى ھىلىقى قورام تاشنى تېشىپ كىرىپ كېتىدۇ. مۇشۇ رىۋايەت بۇ شېئىردا تەمسىل قىلىنىپ، سانغۇننىڭ كوزىنىڭ ئوتكۈرلۈگى ۋە ماھارىتىنىڭ ئۇستۇنلۇگى تەسۋىرلىنىدۇ.

# خەن خۇڭ

خەن خۇڭ ئوتتۇرا تاڭ دەۋرىدىكى شائىر بولۇپ، نەنياڭ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ چىشيەن ناھىيىسى) دىن. ئۇنىڭ قاچان تۇغۇلغان ۋە قاچان ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇ مىلادىنىڭ 754 ـ يىلى تەشرىپدارلىققا ئۆتۈپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كىچىك ئەمەلدار بولغان. ئۇ شېئىر ـ نەزمىلەرنى سەلتەنەتلىك سۆزلەر بىلەن يېزىشقا ئېتىۋار بەرگەن، ئەمما ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## سوغ غىزا بايرىمى①

ئۆچىشار گۈل بەرگلىرى قەلئەدە كوكلەم چاغىدا،
تالى مەجنۇن② ئويىنىشار ھەم سوغ غىزا بايرامىدا.
بەردى شام ئىنئام قىلىپ خەن ئوردىسىدىن③ بىر يولى،
چىقتى بەش بەگ④ خانىسىدىن ئىس ـ تۈتەك كەچ ياغىدا.

[ئىزاھلار]

① سوغ غىزا بايرىمى ــ چوكانتال بايرىمىدىن ئىككى كۈن

ئىلگىرى بولىدىغان بايرام. قەدىمقىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، بۇ كۈنى كۈندۈزى ئوت يېقىش، كېچىسى چىراق يېقىش مەنئى قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر سوغاق غىزا يېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ شېھىردا بايرام كۈنى پۇقرالارنىڭ ئوت، چىراق يېقىشىغا رۇخسەت قىلماي، پادىشا ۋە ئۇنىڭ يېقىن تۇققانلىرىنىڭ خالىغانچە ئوت، چىراق يېقىپ ئەيش-ئىشرەت قىلغانلىقلىرى پاش قىلىنىپ قامچىلىنىدۇ. بۇنداق تەسۋىرلەر ئارقىلىق، تاڭ خاندانلىقىدىكى فېئودال ئىمتىيازلىق تەبىقىلەرنىڭ چىرىك، ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشى مەسخىرە قىلىنىدۇ.

② تالى مەجنۇن — پادىشانىڭ ھەرەم باغلىرىدىكى تالى مەجنۇنلار.

③ خەن ئوردىسى — خەن خاندانلىقىنىڭ ئوردىسى. ئەمما بۇ يەردە خەن خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق تاڭ خاندانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

④ بەش بەگ — پادىشا لى لۇڭجىنىڭ يېقىن تۇققانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.



# لى يى

لى يى (مىلادى 748 — 827 - يىللار) ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسى ئەتراپىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، مىلادىنىڭ 770 - يىلى تەشرىپدارلىققا ئۆتكەن. ئۇ ھەربىي تۇرمۇش ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ياشاپ، چېگرا تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرمۇنچە ياخشى ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ 7 بوغۇملۇق قىتئەلىرى ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى داڭلىق بولغاچقا، ناخشا قىلىپ ئوقۇلغان. ئۇنىڭ «لى يى جاناپ نەزمەلىرى» دېگەن توپلىمى ساقلانغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## تۈندە غالىپ شەھەردە نەي ئاڭلاش

قارىسىمان تۈس ئاپتۇ قۇم باقساڭكى چوققا ئالدىدا،  
ئوخشىغان قىروغا ئاي غالىپ شەھەرنىڭ باغرىدا.  
كەلدى قايدىندۇ قومۇش نەينىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن،  
تۈن بويى لەشكەر تۇغەل يۇرت ئىشقىدا بولدى ئادا.

# جياڭنەن ناخشىسى①

تېكىپتىمەن چۈيتاڭلىق② بىر سودىگەرگە،
ئەمەل قىلماس كەلمەك بولغان ۋەدىلەرگە.
تېگەر ئىدىم سۇ ئۈزگۈچى يىگىتكە مەن،
كوزۇم يەتسە دولقۇن يانار مەزگىللەرگە.

[ئىزاھلار]

① جياڭنەن ناخشىسى — قەدىمقى دەۋردىكى ناخشا شەكلى بولۇپ، كوپىنچە چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلىنىدۇ.

② چۈيتاڭ — چۈيتاڭ بوغىزى، ھازىرقى سىچۈەن ئولكىسىدىكى فېڭجې ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە.

# مېڭ جياۋ

مېڭ جياۋ (مىلادى 751 ــ 814 ـ يىللار) خۇجۇنىڭ ۋۇكاڭ (ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىگە تەۋە جاي) دىگەن يېرىدىن بولۇپ، يېشى ئەللىكـكە يېقىنلاشقاندا تەشرىپدارلىققا ئۆتۈپ، كىـچىك ئەمەلـدار بولغان. ئۇنىڭ ھاياتى قىيىنچىلىقتا ئۆتكەچكە، شېئىر ـ نەزمىلىرىدە تەڭسىزلىكـكە بولغان نارازىلىق ئەكس ئەتكەن، شۇنداقلا پۇقرالارنىڭ ئاھۇ ـ زارلىرى ئىپادىلەنـگەن. ئۇنىڭ ساقلىـنىپ قالـغان 400 پارچىدىن ئارتۇقراق شېئىر ـ نەزمىسى «جانابى مېڭ جياۋ شېئىر ـ نەزمىلىرى» دىـگەن دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## باپكار ئايال نالىسى

ئېرىم دىخان ـ ئېكىنچى ئېتىزغا بەندە،
ئەجدادىمىنىڭ ھەممىسى ئۆزەممۇ ھەمدە.

ياتلىق بولۇپ ھوجرىغا كىرگەندىن بېرى،
شايى توقۇپ ئۈرچۇقتا بولدۇم پەيۋەندە.

توقۇيمەنۇ، توقۇيمەن ئالماستىن ئارام،
ھېچبىر ھالىم قالمىدى ناتاۋان تەندە.

شايى، ئەتلەس، دارايىنى ئۆزەم توقۇسام،
ئەمما قالدىم نىمشقا جۇلدۇر كىپەندە؟!

جاكانامە چۈشۈپتۇ كەنتكە ئوردىدىن،
دېمەك، ئالۋاڭ يەنىلا ئاشقان ئىكەن-دە!

## ئاخشامدا لەيلىمە كوۋرۈكتە① تۇرۇپ...

بۇندا تيەنجىن كوۋرۈگىدە مۇز تۇتۇپتۇ سۇ نېپىز،
ئۇندا لوياڭ يوللىرىغا ئىنىسى-جىن سالماپتۇ ئىز.
چولسىرەپ قاپتۇ راۋاق ياندا تال-توغراق شالاڭ،
ئاي نۇرى جىلۋە قىلار سۇڭشەندىكى② قاردا ئىگىز.

[ئىزاھلار]

① لەيلىمە كوۋرۈك — سۇ ئۈستىگە سېلىنغان كوۋرۈك بولۇپ، تيەنجىن كوۋرۈگى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

② سۇڭشەن — لوياڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر تاغ.

# لى يۈې

لى يۈې (مىلادى 751 — 810 ـ ؟ يىللار) لۇڭشىنىڭ چېڭجى دىگەن يېرى (هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تيەنشۈي شەھىرى)دىن بولۇپ، يۈەنخې (مىلادى 806 — 820 ـ يىللار) يىللىرى ئوردىدا ئەمەلدار بولغان. ئۇ شائىرلا بولۇپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر يادىكارلىق ساقلىغۇچىدۇر. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# يامغۇر تىلەش

ئۇژمە شېخى قۇرۇپ قالغان، كوك قۇچقان چاڭ ـ توزاڭ ئورلەپ،
داقا ـ دۇمباق چېلىشار ئەل بۇتقا نالاپ يامغۇر تىلەپ.
قىزىل ئىشىك بەگ ـ غوجاملار ئۇسسۇل ـ بەزمە كورۇشمەكتە،
دىلى غەمدە: يېغىن بولسا ساز ئۇنىنى بوغارمۇ دەپ.

# خەن يۈي

خەن يۈي (مىلادى 768 ـ 824 ـ يىللار) تەخەللۇسى تۈيجى بولۇپ، خېياك دىگەن يەر (هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مېڭشيەن ناهىيىسى) دىن. باللىق چاغلىرىدا ئۇنىڭ تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەچكە، ئۆزلۈكىدىن ئىجتىهات بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنگەن. مىلادىنىڭ 792 ـ يىلى تەشرىپدارلىققا ئۆتكەن. مىلادىنىڭ 818 ـ يىلى پادىشاغا مەكتۇپ سۇنۇپ، بۇددا دىنى خۇداسىنىڭ سۆڭىكىنى ئەكەلدۇرمەسلىك هەققىدە مەسلىهەت بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ جېنىدىن جۇدا بولغىلى تاس قالغان، شۇنىڭ بىلەن مەرتىۋىسى تۆۋەنلىتىلىپ، چاۋجۇ (هازىرقى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدە) ئايمىقىغا بەگ قىلىپ چۈشۈرۈلگەن. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشهۇر نەسرى يازغۇچى بولۇپ، شېئىرىيەتتىمۇ ئالاهىدە يۇقۇرى نەتىجىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ شېئىري ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇ چاكىنا ۋە يۈزەلىككە قارشى تۇرغان، بىراق شەكىللىۋازلىققا بەكرەك بېرىلىپ كەتكەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## تۇۋەنگە چۇشۇرۇلۇپ لەنگۇەنگە[1]
## بارغانـدا خەن شياڭـغا ئاتاپ...

بىر خەت سۇنــسام تاڭ سەھەر ئوردا ئىــچـرە شاھ-خـانغا،
چۇشۇرۇلدۇم ئاخشىمى سەككىز مىڭ لى چاۋياڭغا.[2]

ئېرىغدىغاي داغنى[3] دەپ شاھتىن ئۇمىت قىلغانتىم،
ئىش تاپماققا نى ھەددىم ھالسىزلىقتا بۇ جانغا!

چىنلىڭ[4] قاپتۇ تۇتەكتە، نەدىكىن تاڭ مەنزىلىم،
قار بېسىپتۇ لەنگۇەننى، يۇرەلمىدى ئات ئالغا!

كەلگىنىڭنى پەملىدىم ئەتەي يىراق يول بېسىپ،
سوڭگىمنى يىغارسەن سېسىق بۇسلۇق ئۇ جايغا!

## تاشلىق تاغدا

قورام تاشلىق تىكىن تاغ ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولى تار،
بۇتقا يەتتىم، ئۇچقاندا شەپەرەڭلەر تۇنخۇمار.

پەلەمپەيدە قارىسام سەردان بانان كەڭ ياپىراق،
قىلدى بۇ يىل يامغۇرنىڭ مولىلىغىنى خوي ئىزهار.

چىراق يېقىپ تەرىپلەر راهىپ تامدا سۈرەتنى،
قەدىم بۇددا تەسۋىرى دىمىسىمۇ كەم ئۇچرار.

راهىپ غىزا تەييارلاپ يايدى ئەلۋەك داستىخان،
مەزە ئاددى بولسىمۇ هوزۇرلاندىم كوپ-بىسيار.

ئەل ئايىغى بېسىلىپ، جىم بولغاندا قۇرۇتلار،
چوققىلاردىن ئاي هالقىپ ئوي ئىچىنى يورۇتار.

سۇبهىدەمدە تۇماندا تەنها يۇردۇم تاغ ئارا،
ئويمان-دوڭ، ئىگىز-پەس نە نىشان بار، نە يول بار.

قۇچاق يەتمەس ئارچىلار ئۇچرار يولدا دەممۇ-دەم،
تاغلار هالرەڭ گۇللەردىن، بۇلاق زۇمرەت، بىغۇبار.

يالاڭ ئاياق كەچكەندە بۇلاقلارنى، تاش دەسسەپ،
كوينەك ئۇچۇپ شامالدا شىلدىرلايدۇ شوخ سۇلار.

شۇنچە ئەركىن سويۇملۇك قۇۋناق تۇرسا بۇ هايات،
بوغۇلماقنى بۇغۇچتا كىممۇ قىلسۇن ئىختىيار؟!

ھەيھات، دىلكەش دوستلىرىم، ماكان تۇتۇپ شۇ تاغنى،
قايتماسلىقىقا ئۆلگىچە قانداق چارە تېپىلار؟

[ئىزاھلار]

① لەنگۇەن — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى شاڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر جاي بولۇپ، جەنۇپقا يۈرۈشتە جەزمەن بېسىپ ئۆتىدىغان يول. ئاپتور تاڭ خاندانلىقىنىڭ پادىشاسى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ بۇددا دىنى خۇداسىنىڭ سوڭگىنى ئەكەلدۈرۈشكە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن، مەرتىۋىسى تۆۋەنلىتىلىپ، چاۋياڭ دىگەن جايغا چۈشۈرۈلگەندە، يولدا كېتىۋېتىپ بۇ شېئىرنى يازغان. بۇ چاغدا ئۇ قاتتىق ئازار يەپ، دەردىنى ئېيتىشقا يەر تاپالماي قالغان. مېنىڭچە لەنگۇەن دىگەن جايغا بارغاندا قاتتىق قار يېغىپ كەتكەن، دەل شۇ چاغدا ئاكىسىنىڭ نەۋرىسى خەن شياڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، دەرت - ئەلەملىرىنى مۇشۇ شېئىر ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىزھار قىلغان.

② چاۋياڭ — ھازىرقى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى چاۋئەن ناھىيىسى. چاۋياڭ تەرەپتىكى دەريا - ئۆستەڭدىن سېسىق بۇس چىقىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىكەن. چاۋياڭ بىلەن پايتەختنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى ئۇزۇن بولغاچقا، تەخمىن مولچەر بىلەن 8 مىڭ لى دەپ ئالغان.

③ داغ — سىياسى ھاكىمىيەت جەھەتتىكى ھەر خىل يامان ئىللەتلەرنى دىمەكچى.

④ چىنلىڭ — شەنشى ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلارنىڭ ئومۇمى ئىسمى.

# جاڭ جى

جاڭ جى (مىلادى 768 ــ 830 ـ ؟ يىللار) خېجۇنىڭ ۋۇجياڭ دىگەن يېرى (هازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېشيەن ناهىيىسى)دىن بولۇپ، ئۆمۈر بويى كوڭۇلدىكىدەك ئەمەل تۇتالمىغان، 50 ياشلارغا كەلگىچە كىچىك ئەمەلدار بولغان. ئۇنىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبى بەي جۈيىي، يۈەن جېنلارغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئۇ فېودالىلىق جەمىيەتىنىڭ قاراڭغۇ ۋە چىرىك تەرەپلىرىنى پاش قىلىدىغان بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## ئىپپەتلىك خېنىم ناخشىسى*

سىزگە مەلۇمدۇر مېنىڭ ئېرىممۇ بار،
قىلدىڭىزغۇ ئىككى ياقۇت يادىكار.

جان تەسەددۇق، ئىشقىڭىزدىن ئايلىناي،
پىنجىگىمگە تېڭىۋالسام نۇر چاچار.

*　　　*　　　*

باغۇ ـ بوستانلىق ئىچىدە جايۇ ـ ماكانىم مېنىڭ،
ئوردىدا نەيزە تۇتادۇر سويگۇ ـ جانانىم مېنىڭ.

قەلبىڭىزنىڭ كۈن بىلەن ئايدەكلىگى ئايان ماڭا،
بىللە شۇل يارىم بىلەن هاياتۇ ـ ئىقبالىم مېنىڭ.

رەنجىمەڭكى، قايتۇراي ياقۇتنى كوز ياشىم بىلەن،
نە سەۋەپ تونۇشمىغان بىز باشتا قىز چاغىم مېنىڭ!

---

* بۇ شېئىردا ئىپپەتلىك بىر ئايالنىڭ مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتى، سوزلىرىنىڭ هەم يۇمشاق، هەم قەتئىلىكى ئىپادىلەنگەن. ئىككىنچى تەرەپنىڭ مۇھەببىتى سەمىمى ۋە ساپ بولسىمۇ، بىراق ئايال: "نە سەۋەپ تونۇشمىغان بىز باشتا قىز چاغىم مېنىڭ" دەپ كوز يېشى قىلغان هالدا ئۇ كىشىنىڭ ياقۇت ـ مارجانلىرىنى ئوزىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولىدۇ. ئاپتور بۇ شېئىر ئارقىلىق ئوزىنىڭ چوڭ مىلىتارىست لى شىداۋنىڭ ئوز يېنىغا تارتىشنى رەت قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلدۇرگەن، لېكىن شېئىرنىڭ يېزىلىشى ئوزگىچە بولغاچقا، كىتاپخانلار ئارىسىدا ئۇ مۇھەببەت لىرىكىسى دېگەن چۈشەنچە بىلەنلا تارقىلىپ كەلگەن.

# جاڭ بى

جاڭ بى مىلادىنىڭ 785 ـ يىلى ئەتراپىدا بىرقانچە قېتىم ئىمتىھانغا قاتنىشىپ تەشرىپدارلىققا ئوتەلمەي قالغان. ئۇ لى بەيگە ھەممىدىن بەك ئىخلاس قىلىپ، ئۇنىڭ ھەركىتىنى دوراپ يۈرگەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# دىخان بوۋاي

ئەجرى قىلدى يېرىگە يۇلتۇزنى كوكتە ياندۇرۇپ،
ئوخشىدى ئېتىزدا ئاش ياش ـ قېرىنى شاتلاندۇرۇپ.
ئوزگىلەر ئىلكىگە ئوتەر ئالغان ئاش ئاخىر كېلىپ،
قايدا سەرساندۇر ئوزى، بالا ـ چاقاسىن قالدۇرۇپ!

# ليۇ يۈشى

ليۇ يۈشىنىڭ (مىلادى 772 — 842 - يىللار) تەخەللۇسى مېڭدې بولۇپ، لوياڭ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى لوياڭ) شەھىرىدىن. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ھوكۇمرانلارنى تولا مەسخىرە قىلغاچقا، بىرقانچە قېتىم مەرتىۋىسىنى تۆۋەنلىتىپ يىراق جايلارغا ئەۋەتىۋېتىلگەن. ئۇ لاڭجۇ (ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسىدىكى چاڭدې شەھىرى)دىكى ۋاقتىدا شۇ جايلار-دىكى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ۋەقەلىكى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز شېئىرلىرىدا قوللانغان، شۇنىڭ بىلەن يېڭى ۋە شوخ بىر خىل ئۇسلۇپنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە ئۆز ئەسەرلىرىنى يېڭى مەزمۇنغا ئىگە قىلغان. ئۇ بەي جۈيى بىلەن يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەن، شۇ ۋاقىتلاردا ئىككىسىنىڭ شېئىرىيەتتىكى داڭقىمۇ بىر بىرىدىن ئانچە قېلىش-مايدىغان دەرىجىدە بولغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈچ شېئىرىنى تونۇشتۇر-دۇق.

## بامبۇك شېخى قوشىقى[1]

دەريا سۈيى تىپ-تىنىق، ياشناپ كەتكەن تال-چىۋىق،
قۇلىغىمغا ئاڭلاندى يىگىت كۈيى يېقىملىق.

كۆن پارلىدى مەشرىقتە، يامغۇر چۈشەر مەغرىپتە،
باقسام ئوچۇق ئەمەس يول، كوڭلۈمدە يورۇق-ئېنىق.

## تاشبالىق②

ئورۇلۇپتۇ تاغ بىلەن شۇ قەدىم ئاستانە جاي،
قايىندۇ دولقۇن ئۇرۇپ قورغان خارابىن توختىماي.
تۈن ئېغىپ شولا چاچار ھىساردىكى تامدىن③ ئوتۇپ —
شەرقىدە چىنخۇەي سۈيىنىڭ④ شۇ قەدىناس كونا ئاي.

## قارا كىيىملىكلەر رەستىسى⑤

قاپتۇ جۇچۈي كوۋرۇكى⑥ ئوت-چوپ ئاراسىدا بۇكۈن،
قارا كىيىملىك رەستىسى كۈننىڭ قاراسىدا بۇكۈن.
بىر زامان ۋاڭ، شيې⑦ قوراسىغا ئۇگەنگەن قارلىغاچ،
ئەركىچە ئوييناپ ئۇچار پۇقرا قوراسىدا بۇكۈن.

[ئىزاھلار]

① بامبۇك شېخى قوشىغى — خەنزۇچە جۇجىز قوشىغى بولۇپ، قەدىمقى شەكلىدىكى بىر خىل خەلق قوشىغى. ليۇ يۈيشى بۇنىداق

خەلق قوشىغى شەكلىدىكى ئۇسلۇپتا يېزىشنى تۈنجى بولۇپ باشلىغان.

بۇ شېئىر ئەسلىدە قولۋاق ھەيدىگۈچى قىزنىڭ مۇھەببەت ناخشىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەم تەبىئەت مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن، ھەم بىر سوز ئىككى مەنىدە ئىشلىتىلىپ، مۇھەببەتمۇ ئىزھار قىلىنغان. بۇنداق ئۇسۇل خەلق قوشاقلىرىدا (خەلق ناخشىلىرىدا) كوپ ئىشلىتىلىدۇ.

② تاشبالىق — ھازىرقى نەنجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىدىكى تاش تاغنىڭ ئارقىسىدىكى بىر شەھەر، چىنخۇەي دەرياسى ئاشۇ تاغنى بويلاپ ئېقىپ كېلىپ چاڭجياڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇچ پادىشالىق دەۋرىدە ئوتكەن سۇن چۇەنىڭ زامانىدىن تارتىپ بۇ جايدا قورغان ۋە ئىستىھكاملار قۇرۇلغان ھەمدە خان سارايلىرى ياسالغان، ئۇ يەر كوپ قېتىم تۇزەشتۇرۇلگەن ۋە ياسالغان بولسىمۇ، تالاي قېتىم ئۇرۇش - يېغىلىقنىڭ ۋەيرانچىلىقىغىمۇ ئۇچرىغان. بۇ قەدىمنى ئەسلەش خاراكتېرىدىكى شېئىر-دۇر.

③ ھىسارىدىكى تام — سېپىل خارابىسىدىكى غوجا تام.

④ چىنخۇەي سۇيى — چىنخۇەي دەرياسى دىمەكچى.

⑤ قارا كىيىملىكلەر رەستىسى — ھازىرقى نەنجىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چىنخۇەي دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا. شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جاي ۋاڭ داۋ، شيې ئەن قاتارلىق ۋەزىر ۋە تورىلەرنىڭ ماكانى بولغان.

⑥ جۇچۇي كوۋرۇكى — ئەينى دەۋردىكى نەنجىڭ شەھىرىدىكى بىر كوۋرۇك.

⑦ ۋاڭ، شيې — ۋاڭ داۋ بىلەن شيې ئەن قاتارلىق تورە - پومىشچىكلار كوزدە تۇتۇلىدۇ.

# بەي جۈيىي

بەي جۈيىي (مىلادى 772 — 846 ـ يىللار) ئىلىمىز تارىخىدىكى
مەشھۇر رىيالىست شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، تەخەللۇسى لې تيەن،
شياگۈي (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى ۋېينەن ناھىيىسى)دا دۇنياغا
كەلگەن. ئۇ ھاياتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا يېزىدا ياشىغاچقا، ئەمگەك-
چى خەلقنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى بىرقەدەر چۈشەنگەن. ئۇ
يۈەن جېن دىگەن يەنە بىر شائىر بىلەن يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەن
ھەم بىرلىكتە "نەسرىلەر دەۋرانغا باققاي، نەزمىلەر ۋەزىيەتكە ياتقاي"
(يەنى ئەدەبىي ئەسەرلەر رىياللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، سىياسى ئۈچۈن
خىزمەت قىلىشى كېرەك) دىگەن ئەدەبىي نەزەرىيىۋى تەشەببۇسنى ئوت-
تۇرىغا قويغان. ئۇ مىلادىنىڭ 808 ـ يىلى ئوردا تەپتىش ئەمەلدارى
بولۇپ، شۇ چاغدىكى ھەرەم ئاغىلىرى ۋە جاھىل كونا تورىلەر بىلەن
كۈرەش قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھوكۇمران سىنىپلارنى مەسخىرە
قىلىدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ سىياسى
زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، مەنسۇۋى تۆۋەنلىتىلىپ يەرلىك ئەمەلگە قويۇل-
غان. بۇ جەرياندا ئۇ خەلق ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بەزى خىزمەتلەرنى
ئىشلىگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك بولۇپ، بەدىئى
جەھەتتە ناھايىتى يۇقۇرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. شۇڭا ئۇنىڭ
شېئىرلىرى كەڭ خەلقنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، كەڭ تارقىلىپ
كەلمەكتە. بۇ يەردە ئۇنىڭ سەككىز شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# قاما جۈۋىلىق، سىمىز ئاتلىقلار

ۋال-ۋۇل قىلىپ ئىگەرلىرى شۇ پەيتتە،
يولغا پاتماي چاڭ توزىتىپ كەلمەكتە.

"ئۇلار كىم؟" دەپ سۇرۇشتۇرسەم خەقلەردىن.
دىدى: "خاننىڭ ئوردىسىدىن ئەلۋەتتە!"

قىزىل بەلگە تاقىغانلار ئاغۋاتكەن،
بەزىلىرى لەشكەر بېشى سۇپەتتە.

زىياپەتكە بارماقچىكەن لاگىرغا،
ئاتلىرىمۇ بۇلۇت ئوزرە ئۈزمەكتە.

شىرەلەردە تۈرلۈك نازۇ-نىمەتلەر،
ئىسىل مەيلەر لىپمۇ-لىپ زەر كومزەكتە.

دۆڭتىڭخۇنىڭ جۈيزىلىرى ئاقلاقلىق،
سەر خىل بېلىق تىزىلغاندۇر رەت-رەتتە.

ئۇلار قوساق پومپايتىشىپ، غادىيىپ،
قىن-قىنىغا پاتماي قالدى شىركەيپتە.

جياڭنەن بۇ يىل قالدى قۇرغاقچىلىقتا،
چۇيجۇلۇقلار ① بىر بىرىنى يىمەكتە.

## قەدىمىي يايلاقتا بېغىشلاپ

ياتىدۇ كىمخاپ كىيىپ كەڭرى دالا،
يىلدا بىر قاخشاللىنىپ، بىر ياشىرا.

دالىنىڭ ھولاسىدا پۈتمەس كويۇپ،
كوكلىگەي باھار يىلى سوققاندىلا.

كونا يول ئىزىنى باسقان بىر يولى،
بۇ يېشىللىق تۇتۇشۇپ قەلئەگىلا.

ئۇزىدى دوستۇم يىراق يوللار سايان،
بۇ جۇدالىق ھىسسى دىلدا لىق، تولا.

# ئومىلىقتا

ئادەتتە بوش قالماس دىخان ھىچقانچىلىك،
ماي ئېيىدا باسار ھەسسە قاتلاڭچىلىق.

كېچە شامال سوقۇۋىدى توۋەن ياقتىن،
قىرنى باشاق ياپتى قويماي ئالقانچىلىك.

خوتۇن-قىزلار سېۋەتىدە غىزا-تاماق،
چىنە-قاچا كوتىرىشكەن قىز-شاكىچىك.

ياش قىرانلار ئىشلىشىدۇ توپلىكتە،
يىمەكلىكلەر ئەكىلىشكەن چوڭۇ-كىچىك.

ئومىچىنىڭ پۇتى كويەر ئىگىزلىقتا،
دۇمبىسىگە ئاپتاپ چۇشەر ئوتتەك قىزىق.

ھالدىن كېتىپ سەزمىسمۇ كۇن تەپتىنى،
ئىشلەر ئۇزۇن كۇننى بىلىپ ئەتىۋالىق.

بالا يۈدۈپ يۈرەر ئۇندا بىر ئايالمۇ،
سىياقىدا مىسكىنچىلىك، غۇربەتچىلىك؛

ئۇچۇق قولىدا باشاق تېرەر تىنىم تاپماي،
سول بىلەككە قوشۇقلۇغى چىمك ئېسقلىق.

"سېلىق ـ باجغا كەتتى مۇلۇك ـ بىساتىمىز،
جان بېقىشقا قالدى بىزگە باشاقچىلىق."

ئۇ ئايالنىڭ سوزىگە مەن سالسام قۇلاق،
چىرايىمدا تۇغۇلدى بىر ئوسالچىلىق.

ئويغا چومدۇم: مېنىڭ شۇ تاپ توھپەم نىمە؟
قىلغىنىم يوق پىلىچىلىك، دېھقانچىلىق.

ئەمىلىمگە ئۈچ يۈز دەن② ئاش بېرەر يىلدا،
يىل ئاخىرى ئېشىپ تۇرار ئويدە ئاشلىق.

ئىچ ـ ئىچىمدە ئويلىغانچە ئەلەم قىلدى،
ئومۇرۋايەت بولدى ماڭا بۇ ئويلاتلىق.

# گۈل ئېلىش

خانبالىقتا③ پەسلى باھار تۈگەي دەيدۇ،
كوچا-كويدا ئات-ھارۋىلار ئۈزۈلمەيدۇ.

مودەن گۈلنىڭ پورەكلىگەن ئوبدان پەيتى،
گۈلجانلار④مۇ بەسكە چۈشۈپ، سېلىكمەيدۇ.

گۈلنىڭ ئاز-كوپ سانىغىمۇ باقار تېخى،
باھاسىنىڭ توختىمىمۇ بىلىنمەيدۇ.

بەش توپ شايە ئىرۇر چوغدەك يۈز دانە گۈل،
ئالغۇچىغا قىلچە ئېغىر سېزىلمەيدۇ.

گۈللەر ئۈستى سايىۋەنلىك ئىھاتىدۇر،
قاشاسى بار، خالىغانلار ئوتەلمەيدۇ.

توپا يولەپ، سۇلار قۇيۇپ پەرۋىشلەنگەن،
شۇ پىتىچە ئويگە قويسا ھەم ئولمەيدۇ.

ھەر ئائىلە ئادەت بىلەر بۇنى شۇنداق،
ئالغۇچىلار گۇلدىن كوكۇل ئۇزەلمەيدۇ.

قاياقتىندۇ كېلىپ قالدى دىخان بوۋاي،
باشقا چاغدا بۇنداق يەرگە ئۇ كەلمەيدۇ.

ئۇلۇغ-كىچىك تىندى بوۋاي بېشى چۇشۇپ،
بۇ ھەسرەتنىڭ سىرىن ھېچكىم چۇشەنمەيدۇ:

بىر توپ قېنىق مودەن گۇلنى ئالغان كىشى،
ئون ئورتىنىڭ⑤ يىللىق بېجىنى تەل خەجلەيدۇ.

## پۇتمەس ئەلەم

خەن خاقانى⑥ شەھۋەتپەرەس،
باغلاپ رەڭگە كوكۇل-ھەۋەس،
يېتەلمەپتۇ مۇرادىغا،
شاھ تۇرۇپمۇ قىلماستىن بەس.

ياك جەددىدىن بىر قىز بولغان،
ھۆسنى تولۇن ئايدەك تولغان،

مەستۇرە بوپ ئۇسكەچ ئۆيدە،
بىلمەس ئىكەن ئۆزگە ئىنسان؛

ئەسلى گۈزەل يارىلىپتۇ،
ھوسنىگە ماس تارىنىپتۇ.
بىر زامانلار ئۆتۈپ ئاخىر،
خان قەسرىگە تاللىنىپتۇ.

ئۈنىڭ نازلىق جىلۋىسىدىن،
خۇش ناۋالىق كۈلكىسىدىن،
ئوردا ئىچرە چېنىپ قاپتۇ —
كېنىزەكلەر چېھرىسىدىن.

باھار يېڭى كەلگەن چېغى،
خۇاچىڭ بۇلاق⑦ چۇمەر يېرى.
سۈتتەك ئاپپاق، يۇمران ئىكەن،
سۇدا كۈمۈش بەدەنلىرى.

ھالسىزلانسا ئويناپ سۇنى،
يولەر ئىكەن قىزلار ئۇنى.
شاھىم بىلەن چىرمىشاركەن،
مېھرى تارتىپ بىر بىرىنى.

زۇلفى بۇلۇت، ھوسنى گۇلدەك،
باشلىرىدا ئالتۇن بىزەك،
ئىلۇپەرگۇل چىملىدىقتا،⑧
ۋاقتى خۇشكەن خۇش باھاردەك.

قىسقا كېلىپ باھار كېچە،
تۇرۇشماپتۇ چىلگ چۈشكىچە،
شۇندىن بېرى بارماپتۇ شاھ،
ئەتىگەنلىك كورۇنۇشكە.

ھەمرا بولۇپ زىياپەتتە،
ئورتاق بولۇپ ھالاۋەتتە،
كۆندۈزلىرى سەيلە قىپتۇ،
كېچىلىرى پاراغەتتە.

ھەرەم ئىچرە ئۇچ مىڭ پەرى،
بىر بىرىدىن گۈزەل بەرى،
ئاشۇ ئۇچ مىڭ پەرى ئىچرە،
شاھقا ياققان شۇ بىر پەرى.⑨

ئۇ ياسىنار ئالتۇن ئويىدە،
تېپىپ ۋىسال بىدار تۈندە،

مەرمەر قەسىر، بەزمە ئىشرەت،
كەيپى كوكلەم ئۇنىڭ كۇندە.

قىز جەمەتى شوھرەت تېپىپ،
خانۇ-مانى زەرتۇس ئېلىپ،
مەرتىۋىسى خوي ئېشىپتۇ،
بەگلىكلەرگە تەيىنلىنىپ.

كەڭ ئالەمدە شۇندىن قالغان،
ئاتا-ئانا ساۋاق ئالغان،
ئوغۇل تۇغسا قەدىرلىمەي،
قىز تۇغۇشقا خۇشتار بولغان.⑩

لىشەندىكى⑪ ئوردا-ھەرەم،
كوك قەرىگە تۇتاشقان ھەم،
ئاڭلىناركەن نەغمە-ناۋا،
شامال بىلەن ئۇندىن ھەر دەم.

لەرزان ئۇسۇل، مۇڭلۇق ناخشا،
تەڭكەش كۇيلەر بار ھەر ۋاقتا،
شاھ بەزمىگە قانماس ئىكەن،
كۇنى ئوتۇپ مەسخۇشلۇقتا.

يۇيياڭ[12] ياقتىن ياڭراپ دۇمباق،
تىترەپتۇ كەڭ يەر ـ كوك شۇنداق،
”قۇراق كىيىم“ ناخشىسىنى[13]،
قىپتۇ ۋەيران قويماي بىراق.

ئاستانە ھەم شاھ ئوردىسى،
چاك ـ تۇتەكتە قاپتۇ بەسى،
مەغرىپ تامان قېچىشىپتۇ،
شاھۇ ـ لەشكەر، سەركەردىسى[14].

چىقىپ غەربى دەرۋازىدىن،
يۈز يول يۈرۈپ ئاستانىدىن،
توغ ـ يوپۇقلار توختىشىپتۇ،
مىدىرلىماي ئوز جايىدىن.

ئالتە قوشۇن[15] تۇرۇۋاپتۇ،
شاھ ئەلەمگە چىدىماپتۇ،
سەپ ئالدىدا قاشىقەلەم[16]،
مىڭ تولغىنىپ تىپىرلاپتۇ.

ئۈنچە ـ مارجان بىزەكلىرى،
ئالتۇن ـ ياقۇت چازىلىرى،

چىچىلغانچە قاپتۇ يەردە،
ئالاي دىمەي ئۇنى بىرى.

شاھمۇ ئۇنى قۇتقۇزالماي،
بۇ ۋەھشەتكە قارىيالماي،
كوزىدىن ياش-قان ئېقىپتۇ،
ھەسرىتىگە چىدىيالماي.

كوكنى بىردىن بوران قۇچۇپ،
توپا-چاڭلار ھەر يان ئۇچۇپ،
جيەنگېغا⑰ يول ئاپتۇ ئۇلار،
ئاسما، ئەگرى يولدىن ئوتۇپ.

ئېمىي⑱ باغرى خىلۋەت ئىكەن،
ئادەم ئىزى كەمرەك ئىكەن.
توغ-ئەلەمنىڭ جۇلاسى يوق،
كۇن تۇتۇق، نۇر چۇشمەيدىكەن.

سىچۇەن سۇيى زۇمرەت ئىكەن،
تاغى كوركەم خىلۋەت ئىكەن،
شامۇ-سەھەر دانا شاھنىڭ⑲ —
ئىشى خىيال سۇرمەك ئىكەن.

شاھ ھەرەمباغ[20] ئايلىناركەن،
ئاينى كورۇپ ئاھ ئۇراركەن،
تۈندە يامغۇر، قوڭغۇراقتىن[21]،
يۈرەك-باغرى قان بولاركەن.

پەلەك چەرخى ئۆرگۈلۈپتۇ[22]،
شاھ ئوردىغا يۈزلىنىپتۇ،
ئۆتكىنىدە ئاشۇ يەردىن[23]،
بېشى قېيىپ يەر كوچۇپتۇ.

كەلگىنىدە ماۋھىيپوغا،
كىرگىنىدە پاتقاق لايغا،
كورۇنمەپتۇ ساھىبجامال،
شاھ قاراپتۇ ئۆلگەن جايغا.

خان-ۋەزىرلەر قاراشقانچە،
يىغا-زارە قىلىشقانچە،
ئاستانىغا كەپتۇ شەرقتىن،
ئاتنى ئەركىن قويۇشقانچە.

ئۆز پېتىكەن ئارىشاڭلىرى،
بۇلبۇل ئۇچقان گۈلباغلىرى،

تەييېدىكى نىلۇپەرمۇ،
ۋېيياگدىكى بوستانلىرى㉔

نىلۇپەرنى، تالنى كورۇپ،
گۇل پەرنى خيال سۇرۇپ،
ئوخچۇپتۇ ياش كوزلىرىدىن،
شاھىم شۇ ئان پەريات ئۇرۇپ.

كوكلەمدە يەل سوققاندىمۇ،
توغاچ چېچەك ئاچقاندىمۇ،
شاھنىڭ يېشى قۇرۇماپتۇ،
كۇزدە غازاڭ ئۇچقاندىمۇ.

مەغرىپ ھەرەم، جەنۇپ ھەرەم،㉕
ئوت-چوپ بىلەن تولغان شۇ دەم،
پەلەمپەيدە قىزىل ياپراق،
كورمەپتۇ ھىچ سۇپۇرگە ھەم.

ناخشىچى ھەم ئۇسۇلچى ياش،
ئارامباغدا شاگىرت قاياش،
خاس خانىدا خانزادىلەر،
مۇكچىيىشىپ بوپتۇ ئاقۋاش.㉖

پەرۋانىلەر پۈر ئۈچۈپمۇ،
شاھتا خىيال ئۈزۈلمەپتۇ.
پىلىك تۇگەپ نۇر ئۆچسىمۇ،
شاھ ئۇيقۇغا كىرەلمەپتۇ.

داڭ ۋاقتىمۇ ئۆزىرىپتۇ،
تۈن ـ كېچىمۇ سوزۇلۇپتۇ،
شاھ كوزىگە ئۇيقۇ كەلمەي،
مەشرىق تامان سۈزۈلۈپتۇ.

راۋاقلارنى قىرو بېسىپ،
كاھىشلاردا مۇزلار قېتىپ،
گۈل كەشتىلىك توشەكلىرى،
ئىسسىماپتۇ تەنھا يېتىپ!

بۇ ھىجرانلىق زارى بىلەن،
يىل ئۆتۈپ كۈن، ئايى بىلەن.
چۈشىدىمۇ ئۇچراشماپتۇ،
شاھ دىلدىكى يارى بىلەن.

لىڭچيۇڭ㉗ ياقتىن كەلگەن دەرۋىش،
خۇڭدۇمىندا㉘ مېھمان ئەرمىش،

ياك يۈيخۈەننىڭ ئەرۋاھىنى،
تاپماققىمۇ قادىر دەرمىش.

شاھ ھالىدىن خەۋەر تېپىپ،
قالغىنىنى بىمار يېتىپ،
ياك يۈيخۈەننى تاپماق ئۈچۈن،
ئاتلىنىپتۇ قەسەم ئىچىپ.

دەرۋىش چاقماق كەبى ئۇچۇپ،
بۇلۇتلارنى بوسۇپ ئۆتۈپ،
ئاسمان-زېمىن ئارا شۇنداق —
چىقىپتۇ ھەم قويماي كورۇپ.

كەڭ كائىنات-ئاسمان قەرى،
چەكسىز زېمىن يەرنىڭ تەھتى.
قالماپتۇ ھېچ ئۇ بارمىغان،
تاپالماپتۇ خۇدا ھەققى.

ئاڭلاپتۇ ئۇ ناگىھاندا،
ھېكمەت تاغ بار دەپ ئوكياندا،
بولۇر ئەرمىش گاھى زاھىر،
غايىپ ئىكەن گاھ پىنھاندا.

راۋاق ئۇزرە ئەلۋان-ئەلۋان،
چىقىپ بۇلۇت لېۋەن، لەرزان.
خىرام ئەيلەپ يۈرەر ئەرمىش،
پەرىشتەلەر، ھورۇ-غىلمان.

ئۇنىڭ بىرى تەيجېن[28] ئەرمىش،
بارچە ئۇنى شۇنداق دەرمىش،
كۈمۈش تەنلىك، سىياقى گۈل،
يۈيخۇەن بىلەن ئوخشاش ئەرمىش.

دەرۋىش بېرىپ قەسىر تامان،
مەرمەر ئىشكنى قېقىپ شۇ ئان،
شياۋيۈيگە[30] دەپ مەقسەتنى ئۇ،
شۇاڭچېڭغىمۇ[31] قىپتۇ بايان.

شاھ ئەلچىسى كەلگىنىدىن،
ئەتەي خەۋەر بەرگىنىدىن،
چىملىدىقتا ياتقان پەرى،
دەس تۇرۇپتۇ ئۇيقۇسىدىن.

ياستۇغىنى سۇرۇپ بىر يان،
تۇرۇپ مېڭىپ ئۇ يان-بۇ يان،

قايرىپ ئىسسىق پەردىلەرنى،
جامالىنى قىپتۇ ئايان.

زۇلفى-چېچى رەتسىز-چۇۋۇق،
كوزلىرى ھەم سەل ئۇيقۇلۇق،
خانىسىدىن چۇشۇپ كەپتۇ،
كىيىمىنى كىيمەي تولۇق.

شامال يەلپۇپ كوينىكىنى،
لەرزان ئوينات يەڭلىرىنى،
ئوينىغاندەك قىپتۇ گويا —
”قۇراق كىيىم“ ئۇسۇلىنى.

يۇيىخۇەن ئۇنسىز جىم تۇرغىندەك،
مارجان يېشى ئۇرغۇغىندەك،
نەشپۇت چېچەك ئاتقان چېغى،
يامغۇر سۇيى قۇيۇلغاندەك.

كوزلىرىنى تىككىنىچە،
شاھقا رەھمەت دەپتۇ شۇنچە:
”ئوتتۇشتۇق بىز تاپماي ۋىسال،
بۇ جۇدالىق ئەزدى مۇنچە.

جاۋياڭدىيەندىن[32] چىققان پېتى،
ئۆزۈلدى بۇ سويگۇ رىشتى،
باقى ماڭا پېڭلەي ھەرەم،
كۆنۈم ئۆتەر بوپ پەرىشتى.

قارىسام مەن پەسكە پات-پات،
چېلىقمىدى ئادىمىزات،
چاڭئەنىمۇ كورەلمىدىم،
تۇمان ئىچرە تۇرار ھەيھات!

شۇ قەدىناس نەرسەم بىلەن،
ئىزھار ئېتەي كوڭلۇمنى مەن،
ئالغاچ كېتىڭ مەندىن سوغا،
زەرچازىنى قۇتا بىلەن.

ئىككى چازا—بىرسى ماڭا،
بىر قۇتىنىڭ نىسپى ماڭا،
زەر بىزەكنى تەڭلا بولدۇم،
بولسۇن يېرىم قىسمى ئۇڭا.

چازا كەبى بولسا نىيەت،
ئاينىمسا ئوي قەتئىيەت،

خا زىمىندا، خاھى كوكتە،
ئۆچرىشارمىز بىز ئاقۋەت.»

دەرۋىش ئاڭلاپ سوزنى تامام،
بولاي دىسە يولغا راۋان،
تاپىلاپتۇ پەرى ئاندىن،
شەرتلەشكەننى قىلىپ بايان:

”يەتتىنچى ئاي يەتتىسىدە،
شۇ چاڭشىڭدىيەن® قەسرىسىدە،
قۇلاق يىقىپ دىيىشكەنمىز،
تۇندە خالى پەيتىمىزدە:

’ئەگەر كوكتە قۇش بولايلى،
قانات جۇپلەپ تەڭ ئۇچايلى!
ياشىساق گەر بۇ زىمىندا،
چىرماش دەرەخ-شاخ بولايلى!‘“

ئاي ئوتۇپتۇ، يىل ئوتۇپتۇ،
نى ۋاقىتقا چەك يىتىپتۇ،
پۇتمەس ئەلەم دىڭىزىغا
ئۇلار شۇنداق غەرق بىتىپتۇ.

# بەرباپ نەزمىسى

شاراقلايدۇ ئىرەنزار،
ساما قىلار توزغاقـلار،
بارسام مېهمان ئۇزىـتىپ،
تۇنــدە دەريا㉞ بويىغا.

چۈشتى ئاتتىن ساهىپخان㉟،
تۇرار قولۋاقتا مېهمان㊱،
مەي بىلەن كەيپ قىلىشقا،
تەڭكەش ساز يوق ئۇنىڭغا.

مەس بولساقمۇ شات بولماي،
ئايرىلىشمۇ پات بولماي،
چۈشكىنىدەك بىلىندى
كەڭ دەرياغا تولۇن ئاي.

ئۇنتۇپ مېهمان مېڭىشنى،
ساهىپخان هەم يېنىشنى،

ئاكلاپ قالدى كىمنىڭدۇ،
ئۇندا بەرپاپ چېلىشنى.

"ساز چالىغۇچى كىمدۇ" دەپ،
بارساق ئاۋازنى ئىزلەپ،
ساز توختىدى بىر هازا،
جىمىپ كەتتى قىلماي گەپ.

يېقىنلىتىپ قولۋاقنى،
كورمەك بولۇپ ئۇ ياقنى،
مەينى لىقلاپ قەدەهكە،
بەك يورۇتتۇق چىراقنى.

چاقىرساقمۇ هەرقانچە،
مىلك تەستە ئۇ چىققانچە،
يېرىمىنى يۇزىنىڭ
بەرپاپ بىلەن توسقانچە؛

تارىسىنى سازلىدى،
قۇلغىنى تولغىدى،
چالماي تۇرۇپ پەدىگە،
سېھرىي هىسلار ئۇرغۇدى.

سايرىتىپ ئۇ مۇڭلۇق تار،
ئەتتى دىلنى ئىزهار —
دېــدى گويا ساز بىلەن:
خورلۇق كورۇپ، بولدۇم خار.

كوڭــلىدە بار ئىشنى،
ئايىغىنى — بېشىنى،
بايان قىلــىپ ساز بىلەن،
خوپ بوشاتتى ئىچىنى.

چېكىپ سىرىپ چالغانچە،
تىترەتكەنچە، ئىلغانچە،
باشلاپ ”قۇراق كىيىم“㊲دىن،
”لىۋياۋ“غىمۇ بارغانچە؛

غوڭۇلدىدى بوم تار بەك —
دەھشەت يامغۇر ياقــقاندەك،
زىل تارىنىڭ ساداسى —
چىقتى كۇس-كۇس پاراڭــدەك.

بوم تار بىلەن زىل تارى،
مۇڭ سىپلىشــتى تەڭ بارى،

سەكرىگەندەك تەخسىدە،
مەرۋايىتلار قاتارى.

گاھ، كۈلگەنــدە باغدا گۈل،
سايرىغاندەك شوخ بۇلبۇل،
گاھى قۇمغا سىڭگەندەك،
سۇلار ئاقماستىن ئۇدۇل.

گاھ سوغ بۇلاق سۇيىدەك،
سۇنىڭ قاتقان مۇزىدەك،
ھىچبىر سادا چىقمىدى ــ
دەم ئالغاننىڭ ئوزىدەك.

ئورلەپ دەردى ـ پىغانى،
ھەسرەتتە ئاھ ئۇرغانى،
ئاشار سادا چىققانــدىن
ساداسىز جىم تۇرغانى.

بىردىن كوزا سۇنغانىدەك،
سۇ ھەر يانغا ئۇچقانىدەك،
گاھى ئاتلىق لەشكەرلەر
تىغ ئوينىتىپ چاپقانــدەك.

سازنىڭ ئاخىرى تۈگەپ،
بىرلا سىرىلدى زەخمەك،
جاراڭلىدى توت تار تەڭ،
دۈردۈن-تاۋار يىرتقاندەك.

ھەممە قولۋاق بىردەكلا
جىم بولغان شۇ ئەسنادا،
شولا چىچىپ تولۇن ئاي،
ئۈزمەكتىكەن دەريادا.

سۈكۈتتە سەل ئويلىنىپ،
زەخمىكىنى قىستۇرۇپ،
تۈزەشتۈردى ئەگىنىنى،
تۈردى ھەم سۇرلۇك بولۇپ.

دىدى: "نامۇ-ئەمالىم،
ئاستانە قاراگاھىم،
ناخشىچىمەن ئەسلىمدىن،
شيامۇلىڭدۇر⑳ ماكانىم.

مەن بەرباپقا بېرىلدىم،
ئون ئۈچ ياشتا يېتىلدىم،

كىرگىنىمچە ئۆمەككە[39]،
بىرىنچىگە قىتىلدىم.

سازنى قولۇمغا ئالسام،
ئەل قول قويدى ھەر چالسام،
ھەسەت قىلدى سەتەڭلەر،
كېلىشتۈرۈپ ياسانسام.

نەغمە قىلسام ھەر پەيتتە،
سوغا ياغدى ھورمەتتە،
چاڭئەنلىك ياش غوجاملار،
ئىنئام سۇندى بەس ـ بەستە.

سازغا تەڭكەش بارلىغى،
ساق قالمىدى تاغىسىغى[40]،
مەي چېچىلىپ مەسلىكتە،
بۇلغاندى باش ـ ئايىغى.

ئايلار ئۆتتى، يىل ئۆتتى،
كۆلكە چېكىنگە يەتتى،
باھار بىلەن، كۈز بىلەن،
چاغلار شۇنداق بوش كەتتى.

ھەدەم كەتتى ئۇلۇمگە،
قېرىندىشىم ئەسكەرگە،
سەھەر ئوتتى، شام كەلدى،
نۇقسان يەتــتى ھوسنۇمگە.

شالاڭلىدى ئات-ھارۋا،
چولدەرىدى ئوي-ھويلا،
ياتلىق بولدۇم ياشىنىپ،
بىر سودىگەر غوجامغا.

مېنى قويۇپ ھىجراندا،
پايدا قوغلار ھەر ياندا،
ئالدىنقى ئاي كەتكەنتى،
چاي ئالغىلى قۇلياڭغا⑪.

ئۇ كەتكەنچە ئۇ ياققا،
قاراپ قالدىم قولۋاققا،
ئاي شولىسى چۈشىدۇ،
دەريا ئارا سوغاقتا.

تۈندە ئۇخلاپ چۈش كوردۇم،
ياش چېغىمنى خۇش كوردۇم،

ئويغانغانـدا مەگزىمدە،
پەدەز، ياشنى قوش كوردۇم.“

سازنى ئاڭلاپ دەسلەپتە،
ئاھ ئۇرغانتىم ھەسرەتتە،
ئەرزىيەتتىن دەرت بىلەن،
ئاھىم يەتتى پەلەككە.

ئۇمۇ، مەنمۇ خاركەنمىز،
ۋەيرانلىقتىن زاركەنمىز،
تونۇشمىغان تونۇشتۇق،
بىر قىسمەتكە ياركەنمىز:

”خان بالىقتىن ئايرىلـدىم،
بۇلتۇر بۇ يان قايرىلدىم،
شەھرى شۇنياڭ⑫ پالىنىپ،
بىتاپ بولۇپ زارلىدىم.

شۇنياڭ دىگەن خىلۋەتـكەن،
خۇش ناۋا يوق ئەجەپـكەن،
بىر ساز ئاڭلاش يىل بويى
مىڭ تىللادىن قىممەتكەن.

جايىم فېنجياڭ⑮ بويىدا،
دوڭدە ئەمەس، ئويىدا،
بامبۇك ـ قومۇش قاپلىغان،
ئوي چورىسى ـ يولىدا.

ئۇندا سەھەر ـ ئاخشىمى،
ئاڭلايتتىمەن نىمىنى؟
قان يىغلىغان كاككۇكنىڭ،
مايمۇنلارنىڭ ئۇننى!

باھار، دەريا تاشقاندا،
كۆزدە سوغاق باسقاندا،
مەي ئىچمەن ئوزەملا،
تەنھا كېلىپ بۇ يانغا.

دىسىڭىز قومۇش نەي يوقمۇ؟
تاغ ناخشىسى ھەم يوقمۇ؟!
ساز كۈيلىرى چەلەڭگۇش،
ياقتۇرمايدۇ قۇلاقمۇ!

ئاڭلاپ بەرباپ ئۇننى،
مەززە قىلدىم كۈينى،

قولاق بىردىن ئىچىلدى—
كوك ئاچقاندەك يۈزىنى.

ئولتۇرۇشقا جاي ئىلىك،
يەنە بىر پەردە چېلىك!
يازاي «بەرباپ نەزمىسى»
سىز بۇنى بىلىپ قىلىك!"

تەسىرلىنىپ سوزۇمدىن،
مىدىر قىلماي ئورۇندىن،
قايتىپ بېرىپ هازادا،
سازنى چالدى يېڭىدىن.

بايىقىدەك كۆي ئەمەس،
هەسرەتكە تولغان پەۋەس،
ئولتۇرغانلار يىغلىشىپ،
ئوكسۇپ كەتتى تەڭلا، بەس.

هەممە تەڭ پىغان قىلدى،
دىسەڭ كىم گىريان قىلدى،
جىياڭجولۇق دوتەي جاناپ[44]
يىشىنى قىيان قىلدى.

# كومۇرچى بوۋاي

بار ئىدى شۇنداق كومۇرچى بوۋاي،
ياغاچلار كېسىپ كويدۇرەر كومۇر نەنشەندە[45] تىنماي.

ئۇستى-بېشى چاڭ، ئىسلانغان يۈزى داغلىنىپ كەتكەن،
چىكە چېچى ئاق، قول-بارماقلىرى قارىيىپ كەتكەن.

كومۇر كويدۇرۇپ تاپقان پۇلىنى نىمە قىلماقچى؟
تېنىگە كىيىم، قوساققا تاماق غېمى قىلماقچى!

بايقۇش كىيگىنى بەك يېلىڭ كىيىم، تۇرسىمۇ تىترەپ،
سوغاق تىلەيدۇ كومۇرگە ئوبدان بازار بولسۇن دەپ.

ياققانتى كېچە تىزدا قېلىن قار شەھەر سىرتىدا،
كومۇرنى بېسىپ، كېچىلەپ بوۋاي كەلدى قار-مۇزدا.

قوساقمۇ ئاچتى، كۈنمۇ ئورلىدى، كالا چارچىدى،
بوۋاي نەنمېندە[46] پاتقاق جايدىلا دېمىنى ئالدى.

بىردىن ئات چېپىپ كەلدى ئىككەيلەن، تاڭەي كىم ئىكەن؟
سىرىق پەلتۇلۇق، ئاق خەسە كوينەك يايىلار ئىكەن!

ئۇلار كەلگەنچە بىر خەت چىقىرىپ، يارلىق بۇ، دىدى،
ھارۋىنى بۇراپ، كالىنى شىمال ياققا ھەيدىدى.

بىر ھارۋا كومۇر ئاشار مىڭ جىڭدىن ئەگەر ئولچىسە،
بوۋاي نە قىلغاي، ئوردا يايىسى ھەيدەپلا يۇرسە!

بىر ئورام شايە، يېرىم شاتاۋا ھەققىڭ دىيىشتى،
ساراي يايىسى كالا بېشىغا چىگىپ قويۇشتى.

## چيەنتاڭ كولى⑰ بويىدا باھار سەيلىسى

يىگانە بۇتخانا⑱ باشتىن شىپاڭغا⑲ بويلىشىپ تۇرغان،
يېڭى لىقلانما كول ئوزرە تۇمان سۇنى ئۇپۇپ تۇرغان.

تالاشىپ ئەركى بۇلبۇللار دەرەختە ئىللىغان جاينى،
ئۇۋا سالماققا قالىغاچلار لىيىن چىشلەپ ئۇچۇپ تۇرغان.

چىمەنلەر خويمۇ چايلاپتۇ، ئالار ئاتىنىڭ تۇۋاغىـغا،
كوزۇڭ قاماشتۇرار گۇللەر ھىدى گۇپ-گۇپ ئۇرۇپ تۇرغان.

ئەجەپ خۇشتارمەن سەيلىگە مەشرىق ياغىدا كولنىڭ،
كى مەجنۇن تال بىلەن ئاق قاش كومۇلگەن، چۇڭكۇلۇپ تۇرغان.

[ئىزاھلار]

① چۇيجۇ — ھازىرقى جىبجياڭ ئولكىسىنىڭ چۇيشيەن ناھىيىسى ئەتراپلىرى.

② ئۇچ يۈز دەن ئاش — بەي جۇيىنىڭ بىر يىللىق مائاشى ھىساۋىدا ئۇنىڭغا 300 دەن ئاشلىق بېرىلگەن.

③ خانبالىق — تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن.

④ گۇلجان — گۇلخۇمارلار، گۇل ئالغۇچىلار.

⑤ ئون ئورتىنىڭ يىللىق بېجى — تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باج ئېلىشتا كىشىلەرنى يۇقۇرى دەرىجىلىك، ئوتتۇرا ھال، تۆۋەن دەرىجىلىك دەپ ئۇچ دەرىجىگە ئايرىغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان "ئون ئورتا" ئوتتۇرا ھال دەرىجىدىكى ئون دىخاننى دىمەكچى. ئاپتور بۇ ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى باي-تورىلەرنىڭ ئون دىخان تولىگەن بىر يىللىق باج ھىساۋىغا بىر توپ گۇلنى ئېلىپ تاماشا قىلىدىغانلىقىنى پاش قىلىدۇ.

⑥ خەن خاقانى — خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسىنى كورسىتىدۇ. نامدا خەن خاندانلىقىنى تىلغا ئالغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە تاڭ خاندانلىقىنىڭ پادىشاسىنى كوزدە تۇتىدۇ. بۇ شېئىردا مەقسەتنى بىۋاستە ئېيتماي، يوشۇرۇن ۋاستە بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

⑦ خۇاچىڭ بۇلاق — خۇاچىڭ ھەرەمنىڭ يېنىدىكى ئارىشاڭ بۇلاق.

⑧ نىلۇپەر گۈل چىمىلدىق — نىلۇپەر گۈلى كەشتىلەنگەن چىمىلدىق.
⑨ پەرى — ياڭ يۈيخۇەن كوزدە تۇتۇلىدۇ.
⑩ قىز تۇغۇشقا خۇشتار بولغان — فېوداللىق جەمئىيەتتە ئەسلىدە ئوغۇللار قەدىرلىنىپ، قىزلار كەمسىتىلەتتى، ئەمما ياڭ يۈيخۇەننىڭ پادىشاغا ياتلىق بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ تۇققان - جەمەتلىرىنىڭ بەگلىك-لەرگە تەيىنلىنىشى ۋە مەرتىۋىسىنىڭ ئۇستۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، كىشىلەر ئوغۇلنى قەدىرلەشنى قىزنى قەدىرلەشكە ئۆزگەرتكەن.
⑪ لىشەن — شاھنىڭ يازلىق ئوردىسى جايلاشقان تاغ.
⑫ يۈيياڭ — ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جىشيەن ناھىيىسى.
⑬ "قۇراق كىيىم" ناخشىسى — بىر خىل مۇزىكىنىڭ نامى بولۇپ، شىنجاڭ، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان، كېيىن لى لۇڭجى ئۆزگەرتىپ تۈزۈپ چىققان.
⑭ بۇ مىسرادا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى تۇپەيلىدىن ھەممە جاينى تۈتەك - تومان قاپلاپ، پادىشانىڭ ئۆز ئوردا خىزمەتچىلىرى ۋە مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرى بىلەن سىچۇەن تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلىكى كوزدە تۇتۇلىدۇ.
⑮ ئالتە قوشۇن — شاھنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى. شاھنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى ئوڭ قاناتتا ئىككى، سول قاناتتا ئىككى، ئارقا تەرەپتە ئىككى بولۇپ ئالتە قىسمغا بولۇنۇپ مۇداپىيە قىلىدىغان بولغاچقا، كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ مۇھاپىزەتچى قوشۇننى ئالتە قوشۇن دەپ ئاتاش ئادەتلىنىپ قالغان. بۇ يەردە ئۇ قوشۇننىڭ كېنىرالى بولغان چېن شۈەنلى يېتەكچىلىكىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى ياڭ گۈيفېي بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى ياڭ گوجۇڭنى ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرىۋېلىپ ئالغا باسقىلى ئۇنىمىغانلىقىنى كورسىتىدۇ.
⑯ قاشى قەلەم — ياڭ يۈيخۇەن يەنى ياڭ گۈيفېي. قوشۇن ۋە

ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ قاتتىق تەلۋى ئارقىسىدا ياڭ يۈيخۈەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدۈ.

⑰ جيەنگې — جيەنمېنشەن تېغى، هازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ يوللىرى ئەگرى-توقاي بولغانلىقى ئۈستىگە، جىلغا-تاغلار ئارىسىغا ئاسما كوۋرۇك سېلىنغان. جيەنگېنىڭ شىمالىي قىسمىدا مۇھىم ئۆتكەل بار، شەنشىدىن سىچۈەنگە بېرىشتا ئاشۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈش كېرەك.

⑱ ئېمېي — ئېمېي تېغى، هازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسى تەۋەسىدىكى تاغ. بۇ يەردە لى لۇڭجىنىڭ سىچۈەنگە بارغانلىقىنى دېمەكچى.

⑲ دانا شاھ — لى لۇڭجى. ياڭ يۈيخۈەن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، لى لۇڭجى ئۇنى ئويلاپ، دۆلەتنىڭ ھېچ ئىشىنى ئويلىماي يۈرىدۇ. بۇ سوزدە مەسخىرە پۇراق بار.

⑳ ھەرەمباغ — سىچۈەندە ۋاقىتلىق سېلىنغان خان ئوردىسى كوزدە تۇتۇلدۇ.

㉑ تۇندە يامغۇر-قوڭغۇراق — كېچىلىرى ياققان يامغۇر ۋە ئۆي لەمپىلىرىدىكى قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋاز چىقىرىشىدىن لى لۇڭجىنىڭ يۈرەك-باغرى زىدە بولۇپ، ياڭ يۈيخۈەننى تولا ئەسلىگەنلىكى كوزدە تۇتۇلدۇ.

㉒ پەلەك چەرخى ئۆرگۈلدى — ئەن لۇشەن توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغانلىقى كوزدە تۇتۇلدۇ. ئەن لۇشەن توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، لى لۇڭجى ئات-هارۋىلىرىنى قوشتۇرۇپ، ئىلگىرىكى پايتەختكە قاراپ يول ئالغان.

㉓ ئاشۇ يەر — ماۋېيپو، ئۇ يەردە ياڭ يۈيخۈەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. لى لۇڭجى ماۋېيپوغا كەلگەندە ھۇشىدىن كەتكەندەك بولۇپ كەتكەن.

㉔ بۇ يەردە ئېيتىلغان ئارشاڭ بۇلاق، كۆلباغلار، تەيىيىدىكى نىلۇ-

پەرلەر، ۋېيياڭدىكى بوستانلارنىڭ ھەنىنۋاسى خەن خاندانلىغى دەۋرىدىكى جايلار ۋە باغلار، ئەمما خەن خاندانلىغى ئۈستىدە گەپ بارغىنى بىلەن ئەمىلىيەتتە تاڭ خاندانلىغى كوزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى خانغا ئاتاپ مەخسۇس ياسالغان.

㉕ جەنۇپ ھەرەم — خان ئوردىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرەم. لى لۇڭجى سىچۇەندىن پايتەخت چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشا بولماي، ئالدى بىلەن جەنۇپ ھەرەمدە تۇرۇپ، كېيىنچە مەغرىپ ھەرەمگە كوچكەن.

㉖ بوپتۇ ئاقۋاش — ئەينى ۋاقىتتا خاننىڭ كوڭلىنى ئېچىش ئۇچۇن مەخسۇس ناخشا - ئۇسۇل مەشغۇلاتى بىلەن بىرقانچە يۈز شاگىرت قىز - ئوغۇللار لىيۇەن باغچىسىدا مەشغۇلات ئوتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ نامى شاگىرت دەپ ئاتالغان. تاڭ خاندانلىغىنىڭ خانى لى لۇڭجى ئۇلارغا ئوزى ساز - نەغمە ئۇگەتكەن. مانا ئەمدىلىكتە ئۇلار قېرىپ موماي، بوۋاي بولۇپ كەتكەن.

㉗ لىڭچيۈڭ — ھازىرقى سىچۇەن ئولكىسىدىكى بىر جاي.

㉘ خۇڭدۇمېن — خۇڭدۇمېن دەرۋازىسى، خۇڭدۇمېن ئەسلىدە خەن خاندانلىغى دەۋرىدىكى ئوردىنىڭ بىر دەرۋازىسى بولۇپ، بۇ يەردە تاڭ خاندانلىغى كوزدە تۇتۇلىدۇ.

㉙ تەيجېن — ياڭ گۇيفېينىڭ نامى. ئۇ نام ئۇنىڭغا كەيىيۇەن يىللىرىنىڭ 28 - يىلى بۇۋىلىك نامى بېرىلگەندە قويۇلغان.

㉚㉛ شياۋ يۈي، شۇاڭچېڭ — ھەر ئىككىسى قەدىمقى رىۋايەتلەردىكى ھور - پەرىلەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلار ئارقىلىق ياڭ يۈيخۇەننىڭ ھور - پەرىگە ئايلانغانلىغىنى بىلدۈرمەكچى. شياۋ يۈي ھىلىقى دەرۋىش بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇ يەنە شۇاڭچېڭ ئارقىلىق بۇ خەۋەرنى تەيجېننىڭ ئوزىگە مەلۇم قىلغان دىمەكچى.

㉜ جاۋياڭـديەن ــ خەن سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدىكى بىر جاي، بۇ يەردىمۇ گەپ خەن سۇلالىسىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىگە قارىتىلغان.

㉝ چاڭشېڭديەن ــ تاڭ سۇلالىسىنىڭ خۇاچىڭ ئوردىسى ئىچىدىكى بىر سارايىنىڭ ئىسمى.

㉞ دەريا ــ شۇنىياڭ دەرياسى، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ھازىرقى جياڭشى ئۆلكىسى جيۇجياڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى بىر قىسمىنىڭ ئاتىلىشى.

㉟ ساھىپخان ــ ئاپتور ئۆزىنى دېمەكچى.

㊱ مېھمان ــ ئاپتورنىڭ ئۇزىتىپ بارغان دوستى.

㊲ "قۇراق كىيىم" ــ قۇراق كىيىم ناخشىسى. ئىزاھ ⑬ كە قاراڭ.
"ليۇياۋ" ــ شۇ ۋاقىتتىكى يەنە بىر ئاھاڭ.

㊳ شيامۇلىڭ ــ چاڭئەنگە يېقىن جايدىكى بىر مەھەللىنىڭ ئىسمى، بەرباپ چالغۇچى ئايالنىڭ ئۆي ـ جايى شۇ يەردە بولغان.

㊴ ئومەك ــ خان ئوردىسىغا خاس بولغان ناخشا ـ ساز ئومىكى، ھېلىقى سازچى ئايال ئاشۇ ناخشا ـ ساز ئومىكىنىڭ بىرىنچى گۇرۇپپىسىدا بولغان.

㊵ ساق قالمىدى تاغىغى ــ تاماشىچىلار سازغا تەڭكەش قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىۋەرگەچكە، باشلىرىدىكى تاغاقلىرىمۇ چۈشۈپ كېتىپ سۇنغان، يەنە بەزىلەر سازغا تەڭكەش قىلىپ تاغاق، يامارىغۇچ، قىسقۇچ ـ چازىلىرىنىمۇ چېلىپ سۇندۇرۇۋەتكەن دېمەكچى.

㊶ فۇلياڭ ــ ھازىرقى جياڭشى ئۆلكىسىدىكى جېڭدېجېن شەھىرىگە يېقىن جاي، ئەينى ۋاقىتلاردىكى بىر ناھىيە. شۇ چاغلاردا ئۇ يەردە چاي سودىسى تەرەققى قىلغان.

㊷ شۇنىياڭ ــ ھازىرقى جياڭشى ئۆلكىسى تەۋەسىدىكى بىر شەھەر،

شۇ چاغلاردا بەي جۇيىى توۋەنگە چۈشۈرۈلگەن جاي.

㊸ فېنجياڭ — بىر دەريانىڭ ئىسمى.

㊹ جياڭجۇلۇق دوتەي جاناپ — بەي جۇيىى ئۇزىنى دىمەكچى. ئۇ چاغلاردا بەي جۇيىى جياڭجۇ ئايمىغىدا دوتەي ياردەمچىسى بولغان.

㊺ نەنشەن — چاڭئەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر تاغ.

㊻ نەنمېن — شەھىرىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى.

㊼ چيەنتاڭ كولى — ھازىرقى خاڭجۇ شەھىرىدىكى شىخۇ كولىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى.

㊽ يىگانە بۇتخانا — گۇشەن بۇتخانىسى. ئۇ شىخۇ كولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز چوققىغا جايلاشقان مەنزىرىلىك جاي.

㊾ شىپاڭ — گۇشەن بۇتخانىسى بىلەن ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل بويلىشىپ تۇرغان بىر شىپاڭ.



# ليۇ زۇڭيۇەن

ليۇ زۇڭيۇەن (ملادى 773 ـــ 819 ـ يىلـلار)نىڭ تەخەلـلۇسى زىخۇ بولۇپ، خېدۇڭ (ھازىرقى سەنـشى ئۆلكىسـىنىڭ يۇڭـجى ناھىيـسـى)دا تۇغۇلغان. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىلغار مۇتەپەككۇر ۋە نەسرىچى ئىدى. ئۇنىڭ شېئىر ـ نەزمىلىرىنىڭمۇ ئۆزگىچىلىكى بار، ئۇسـلۇبى يېڭى ۋە شوخ ـ جانـلىق، ئۇنىڭ تەبىئەت مەنزىرىـلىرىنى تەسـۋىرلەيـدىغان ئەسەرلىرى كوپ سانـنى تەشكىل قىلـدۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتـلاردا بىرقەدەر ئىلغار ھېساپلانغان ۋاڭ شۇۋېن (تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنزۇڭ خانى ئىشەنچ قىلىدىغان بىر چوڭ ئەمەلدار)نىڭ سياسى گۇرۇھىغا قاتناشقان، كۇرەشتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن مەنسۇۋى تۆۋەنلىتىلىپ يۇڭجۇ (ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ لىڭلىڭ ناھىيىسى)دا دوتەي ياردەمچىسى بولغان. ئاخىرىدا ليۇجۇ (ھازىرقى گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىغا تەۋە جاي)دا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «خېدۇڭـلۇق ليۇ جاناپـىنىڭ دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## قار ياقـقانـدا دەريادا

تاغ ئارا قاقماس قانات قۇش ـ جانۋار،
يولدا چېلىقمايدۇ ھەم بىر يول باسار.

كېيىنىپ قارلىقنى قېيىقتا بوۋاي،
قاردا دەريادىن ئۆزى بېلىق تۇتار.

# لىيۇجۇ[①] راۋىنىدا توت ئايماق بېگىگە[②] يوللانغان سالام

راۋاق ئۈزرە ئۆزاق باقتىم شۇ كەڭ دالا تامانىغا،
بېشىمنى باستى غەم ئوخشاپ گويا دەريا قىيانىغا.

نىلۇپەر تۇرمىدى ھېچ جىم شامالدىن ئەۋجىدىن بىر دەم،
يېپىشقاق تامدا ئىڭرايدۇ قېلىپ يامغۇر ئازاۋىغا.

داۋان ـ تاغ، دەل ـ دەرەخ توستى كوزۇمنى پەردە بوپ شۇ دەم،
ئېقىنلار زەپمۇ تولغاندى ئاقالماي ئوز راۋانىغا.

بۇ يان كەلگەن بىلەن بارچە سېلىپ بەلگە ③ يۇرەر جايغا،
بەسى ـ مۇشكۇل خەۋەرلەشمەك، ئېرىشمەك ھەم ۋىسالىغا!

[ئىزاھلار]

① لىيۇجۇ ــ ھازىرقى گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى لىيۇجۇ شەھىرى.

② تۆت ئايماق بېگى — جاڭجۇ (ھازىرقى فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى لۇڭشى) بېگى خەن تەي، تىڭجۇ (ھازىرقى فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى چاڭتىڭ) بېگى خەن يې؛ فېڭجۇ (ھازىرقى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى فېڭشەن) بېگى چېن جيەن، ليەنجۇ (ھازىرقى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى ليەنشيەن) بېگى ليۇ يۇيشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار مۇ ليۇ زۇڭيۈەن بىلەن بىرلىكتە ۋاڭ شۇۋېن باشچىلىقىدىكى سىياسىي يېڭىلاش ھەرىكىتىگە قاتناشقان بولۇپ، ھەرىكەت مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن سىياسىي جەھەتتە بېسىم ۋە زەربىگە ئۇچرىغان.

③ سېلىپ بەلگە — شۇ دەۋردە جەنۇبىي ئۆلكىلەردىكى مىللەتلەردە بەدىنىگە ئىز چېقىرىپ بەلگە قىلىشۋالىدىغان ئادەت بولغان.



# يۈەن جېن

يۈەن جېن (مىلادى 779 — 831 ـ يىللار) نىڭ تەخەللۇسى ۋېيجژ بولۇپ، خېنەن (هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لوياڭ شەھىرى) دىن. ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدا ئائىلىسى بەك نامرات ئۆتكەن، مىلادىنىڭ 810 ـ يىللىرى تەپتىش بېگى بولغان. ئۇ ئوردا ـ ھەرەم ئاغىلىرى ۋە كونا تورىلەر بىلەن كۈرەش قىلغانلىقى سەۋەبىدىن مەنسىۋى تۆۋەنلىتىلىپ تۇڭجۇ (هازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ داشيەن ناھىيىسى) غا دوتەي ياردەمچىسى بولغان. ئۇ بەي جۈيى بىلەن بەك يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ ئۆتكەن دوستلاردىن بولغاچقا، ئۇ ئىككىسىنىڭ شېئىرى ئۇسلۇبىمۇ ئاساسەن ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىر ـ نەزمىلىرىدە ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائى رىيال تۇرمۇش بىرقەدەر چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەمدە ئائىلىسىدىكى كىشىلەر، دوستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چىن دوستلۇق مۇھەببىتى ئىنتايىن ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈچ شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# توقۇمىچى قىزلار ناخشىسى

توقۇمىچى قىز بولدى نىمىشقا شۇنچە پايپېتەك؟
پىللە قۇرۇتى يېتىلەي دىدى بولۇپ ئۈچ تۇلەك!

پىر ھىممىتىدىن، قىز مېھنىتىدىن مەشۇت يېتىلدى،
باج-سېلىغىمۇ چۈشتى بالدۇرلا ھەر يىلقىدىن بەك!

ئەمەلدارلارنىڭ نەسلىگىدىن دەپ بولامدۇ باجنى،
بۇلتۇردىن سوقۇش بولۇپ تۇرغىنى سەۋەپتۇر، دىمەك:

چىمىلدىق قىلار سەركەردىلەرنىڭ توھپىكارلىرى،
جەڭ قىرغىنىدا يارىلانغاننى تاڭماقلىق كېرەك.

غوزىدىن يىپەك ئېلىپ گەزلىمە توقۇش تەس ئەمەس،
مۇشكىلى ئۇنى دۇكانغا تارتىپ كەشتە چۈشەرمەك.

ياتلىق بولمىدى ئاقىرىپ چېچى ياشانغان بىلەن،
خوشنا ئىككى قىز بولغاچقا ئىشچان كەشتىچى زىرەك.

ئومىچۇك تورى ئۆي لەمپىسىدە لەپپەڭشىمەكتە،
ئومىچۇك ئۈچۈن شۇ تاپتا ئوبدان بولماقتا ئەمەك.

قۇرۇت چېغىدا بوشلۇقتا تورلار توقۇپ ئويناركەن،
ئورنىدى شۇ تاپ قىزلار قەلبىنى ئىشتىياق-تىلەك!

# لىتيەننىڭ[1] جياڭجۇ[2] ئايمىغىغا دوتەي ياردەم‐ چىسى قىلىپ چۈشۈرۈلگەنلىگىنى ئاڭلاپ

شام چىراق پىل‐پىل ياناتتى نۇرى يوق ،خىرە تازا،
ئاڭلىسام جيۇجياڭغا چۈشۈپسەن ئىلىپ ئەيىپ‐جازا.
يۇلقۇنۇپ تۇردۇم شۇ ئان سەكراتتىنا ياتقان جايدا مەن،
كوزنىگىمدىن ئۇردى يامغۇر‐يەل ئويۇمگە بىر هازا.

# تاشقى هەرەم[3]

قىزىلگۈلگە پۈركەنسىمۇ هەر قاياغى،
غۇربەت ئىچرە قاپتۇ شاهنىڭ هەرەمباغى.
سوزلىشىدۇ ئاقۋاش موماي كېنىزەكلەر[4]،
شۈەنزۇڭ [5] ئىرۇر پارىڭىنىڭ باش‐ئاياغى.

[ئىزاهلار]

① لىتيەن — بەي جۈيى.

② جياڭجۇ — هازىرقى جياڭشى ئۆلكىسىدىكى جيۇجياڭ شەهىرى. مىلادىنىڭ 815‐يىلى بەي جۈيى فېودال هوكۇمرانلار گۇرۇهىنىڭ سىياسى زىيانكەشلىگىگە ئۇچراپ، شۇ جايغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن.

③ تاشقى هەرەم ــ پايتەختتىكى ئوردىدىن باشقا جايغا مەخسۇسلا پادىشانىڭ دەم ئېلىشى ئۈچۈن سېلىنغان هەرەمباغ.

④ ئاقۋاش موماي كېنىزەك ــ شۇەنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا كېنىزەكلىرى، مانا ئەمدى قېرىپ چاچلىرى ئاقارغان، دېمەكچى.

⑤ شۇەنزۇڭ ــ تاڭ خاندانلىقىنىڭ پادىشاسى لى لۇڭجى.



# جيا داۋ

جيا داۋ (مىلادى 779 ــ 843 ـ يىلـلار) فەنـياڭ (ھازىرقى بېيـجىڭ شەھىرىگە يېقىن جاي)دىــن. ئۇ دەسلەپــكى مەزگىلـلەردە دەرۋىــشلىك قىلغان، كېيىنچە دەرۋىشلىكنى تاشلاپ كىچىك ئەمەلدار بولغان. ئۇنىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبى مېڭ جياۋ دىگەن شائىرنىڭكىــگە ئوخشاپراق كېتــدۇ، شېئىرلىرى خەن يۈي دىگەن شائىرنىڭ قەدىرلىشىگە مۇيەســـسەر بولغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## ساڭگەنـدىن[1] ئۆتــكەندە

كى بىڭجۇدا [2] بولۇپ مېھمان ئۆتۈپتۇ ئۇندا ئون ياز ـ كۈز،
كېتىش ئىستەگى شيەنياڭغا[3] ئەسەر قىلدى كېچە ـ كۈنــدۈز.
ئۆتۈپ ساڭگەن ئۇ ياغىغا بۇرۇلسام كەينىمە باقىپ،
ماڭا ئەمدى شۇ بىڭجۇمۇ تۇيۇلدى ئوز يېزامدەك ئوز.

# تاپالمىدىم دەرۋىشنى

سورىسام شاگىرتتىن قارىغاي يېنىدا،
دىدى ئۇ: ”ئۇستازىم دورا يىغماقتا.
مۇشۇ تاغ ئىچىدە بولۇت قەرىدە،
ئوزەممۇ بىلمەيمەن نەدە شۇ تاپتا!“

[ئىزاھلار]

① ساڭگەن — ساڭگەن دەرياسى، ھازىرقى ئىسمى يۇڭدىڭخې. ئۇ دەريا سەنشى ئولكىسىنىڭ مايى ناھىيىسىدىن باشلىنىپ خېبېي ئولكىسى ئارقىلىق شەرقىي دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ.

② بىڭجۇ — ھازىرقى سەنشى ئولكىسىدىكى تەييۈەن شەھىرى.

③ شيەنياڭ — ھازىرقى شەنشى ئولكىسىدە بولۇپ، بۇ يەردە شۇ دەۋردىكى ئاستانە چاڭئەن كوزدە تۇتۇلىدۇ.

# لى شېن

لى شېن (مىلادى 780؟ ـــ 846 ـ يىللار) رۇنجۇ ئايمىغىنىڭ ۋۇشى (هازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىگە تەۋە جاي)دىن بولۇپ، مىلادىنىڭ 806 ـ يىلى تەشرىپدارلىققا ئۆتۈپ باشقاق بەگ بولغان. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ شېئىرىيەتتە داڭقى چىققان بولۇپ، ئۇ بەي جۈيىي بىلەن يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى تونۇشتۇرۇ- دۇق.

# ئىككى شېئىر

## 1

ئۆتىدى مايسىنى چىڭ چۈشكە قەدەر،
تۆۋىنى نەملىدى هەمدە تامچە تەر.
بىلەرمۇ هەر دانىنىڭ بۇ قىسمىتىنى،
تەخسىدە غىزا يەپ هوزۇر قىلغان ئەر؟

## 2

ئەتىياز چىچەكلىگەن ھەر تال ئۆرۈكتىن،
تۈمەن دان ئىلىنار كۆز كەلگەن مەھەل.
يەرلىرى ئاق قالماس، ئەمما ئاچلىقتىن،
يەنىلا دىخانغا يېتىدۇ ئەجەل.



# ليۇ چا

ليۇ چا مىلادىنىڭ 810 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئۆتكەن شائىر بولۇپ، ھازىرقى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ بەك ھاكاۋۇر بولغاچقا، كۆپلىگەن تالىپلار بىلەن چىقىشالماي ئۆتكەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## لەشكەرلىكتە

يېرىلغان كۆل ① بويىدا يەر بوران ـ جۇت دەستىدىن توڭلاپ،
غاراسلاپ چۇششەر شاخلار دەرەخلەر تېنىدىن ئاجراپ.
كۆرۈنمەس ئادىمى ئەمما كېلەر نەيىنىڭ ئۈنى لەرزان،
قىزىل ئەلەم بارار ئۆرلەپ تىيانشان قارىنى بويلاپ.

[ئىزاھ]

① كۆل ــ قەدىمقى دەۋردىكى چىڭخەي ۋە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى كۆللەرنى دىمەكچى.

# سۈي خۇ

سۈي خۇ بولىك (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى دىڭشيەن ناھىيىسى) دىگەن جايدىن بولۇپ، مىلادىنىڭ 796 ـ يىلى تەشرىپدارلىقتا ئوتۇپ باسقاق بەگ دەرىجىلىك ئەمەل تۇتقان. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## ئاستانىدىكى① نەنجۇاڭ② كەنتىگە بېغىشلاپ

بۇندا بۇلتۇر بۇ كۈنى بولماق ماڭا بولغان نېسىپ،
گۈلچىراي بىرلە توغاچ گۈلى تۇراركەن بەسلىشىپ.
جونىگەنكىن قايسى ياقلارغا بۇگۈن ئۇ گۈلچىراي،
بۇ باھار توغاچقىنا تۇرۇپتۇ تەنها ئېچىلىپ!

[ئىزاھلار]

① ئاستانە ــ چاڭئەن يەنى ھازىرقى شىئەن شەھىرى.

② نەنجۇاڭ ـ چاڭئەن شەھرىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر كەنت.

ئاپتور بىر يىلى چوكانتال ۋاقتىدا شەھەر سىرتىغا چىقىپ، نەنجۇاڭ كەنتىدىكى بىر ھويلىدا توغاچ دەرىخىنىڭ يېنىدا بىر قىزنىڭ تۇرغانلىقىنى كورىدۇ. ئۇ ھېلىقى قىزدىن سۇ سوراپ ئىچىدۇ، قىزمۇ ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىككىنچى يىلى ئۇ يەنە نەنجۇاڭ كەنتىگە كېلىدۇ، ئەمما ئۇ قىزنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنىڭ دېرىكىنى ئالالمايدۇ. بۇ شېئىر شۇ ئىشقا بېغىشلاپ يېزىلغان.

# لى خې

لى خې (مىلادى 791 — 816 ـ يىللار) نىڭ تەخەللۇسى چاڭجى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاقسوڭەك جېڭۋاڭنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىدىن بولۇپ، چاڭگۇ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى يىياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا) دا دۇنياغا كەلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ 7 يېشىدىلا شېئىر ـ نەزمە تۇزەلەيدىغان بولغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى سىرلىق، يوشۇرۇن، تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي، ئىنتايىن قويۇق رومانتىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى ئىچىدە ئۆزگىچە ئۇسلۇپتا يېزىلغان. ئۇ شېئىرىي پىكىرنى غەلىتە سوزلەر بىلەن ئىپادىلەشكە خۇشتار بولغاچقا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئاسانلىقچە چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇ 27 يىللا ئۆمۈر كورگەن. بۇ يەردە بىز ئۇنىڭ بەش شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## ئاياغ مەھەللىدىكى باغچا①

تۇشمۇ ـ تۇشتا گۈل ئېچىلغان شاخ ـ شېخىدا سانجاق بولۇپ،
ھور سەنەمنىڭ مەڭزى ئوخشاش قىپ ـ قىزىل ھەم ئاپپاق بولۇپ.

كەچ باھاردا ھىد ـ ھوسىنىدىن يوقـتۇر ئەمدى بەلـگۈ ـ
نىشان،
راۋان بوپتۇ پەسلى باھار شامىلىغا ئامراق بولۇپ②.

## چاڭگۇدىكى يۇقۇرقى باغنىڭ يېڭى بامبۇك
## نوتىسىـغا بېغىشـلاپ

سويۇپ بامبۇك قوۋزىغىن يازدىم مۇڭلۇق نەزمىلەر③،
ئىپار كىرەر دىماققا، ئاقتا قارا سەترىلەر.
كىم قىزىقسۇن بۇ كەمدە نوتا بىلەن نەزمىگە؟
باسار تامچىپ شاخلارنى مانان قىرو ـ قەترىلەر.

## چۈشۈمدە ئەرشكە زىيارەت④

پاقا، توشقان⑤ ياش توكەر نالە قىلىپ پەلەكتە،
ئاي قەسرىدىن بۇلۇتقا كۆمۈش زىيا توكمەكتە.

چومۇپ ئۈتتى شەبنەمگە چاقچا ئوخشاش تولۇن ئاي،
دالچىنزارلىق سوقماقتىن ھور ـ پەرىشتە كەلمەكتە.

ئىلاھ تېغى ئاستىدا يەر دېڭىزغا ئايلىنار،
ئەۋلىياغا بۇ جەريان تېز بىلىنەر ئەلۋەتتە.

كوكتىن باقسام ئىقلىمغا⑥ كورۇندى ئۇ نوقۇتتەك،
سۇغا ئوخشاپ دېڭىزلار تۇرغان گويا چوچەكتە⑦.

## يەنمېن دوتېيگە بېغىشلاپ⑧

قارا بۇلۇت بېسىپ قەلئەنى قىلماق بولدى ۋەيرانە،
ساۋۇتتا چاقىندى ۋال-ۋۇل قۇياش شولىسى ھەر يانە.

نەقمشلىق بۇرغا كەچكۈزنىڭ كوكىنى زىلزىلە ئەتتى،
قورۇل-چېگرا بويىغا تۇن ئۇيۇل قاندەك بوياق سەپتى.

قىزىل تۇغ يوگمىشىپ يولدا، سۇرۇپ يىشۇيغىچە⑨ باردى،
كۇچەپ ئۇرغان بىلەن دۇمباق قىرودىن بوغۇلۇپ قالدى.

باھادىرلارغا ئىنئام⑩ دەپ مال-ئالتۇن راسلىدى بەگ-خان،
ئېلىپ خەنجەر ئوزىن ئاتتى ئۇرۇشقا، خان ئۇچۇن ھەر جان.

# لى پىڭنىڭ[11] غوڭقا كۈيلىرى

كۈزنىڭ زۇمرەت ئاسمىنىدا غوڭقا ئۈنى سەييار ئەيلەر،
بۇلۇتلارمۇ تاغ بېشىدا توختاپ ئۇڭا خۇمار ئەيلەر.

شاھ سەنەمنىڭ كوزلىرىدىن ياشلار تامچىپ بامبۇكزارغا[12]،
سۇنۇي خېنىم[13] ئاڭلاپ غەمدىن سىنەلىرىن سەكپار ئەيلەر.

سېھرىلىك قۇدرەت بىلەن لى پىڭ شۇ دەم نەغمە قىلىپ،
ئاستانىدا جىمى جاننى ساز مۇڭىغا خۇشتار ئەيلەر.

زىل ساز ئۈنى كۈئېنلۇننىڭ مەرمەرلىرى سۇنغانچىدۇر،
ياڭراقلىغى سۇمرۇغلارنىڭ چىللىشىنى ئىنكار ئەيلەر.

گاھى مۇڭى ئوكسىتىدۇ لەيلىلەرنى ياش ئاققۇزۇپ،
گاھ شوخ كۈيى خۇش قاتىنىمۇ جەۋلان بىلەن ئىپار ئەيلەر.

ئۇن ئىككى چوڭ دەرۋازىدا[14] جۇتنى زەبون ئەتتى ئىللىق،
يىگىرمە ئۈچ مەشۇت تارنى[15] ھەتتا تەڭرى ئىختىيار ئەيلەر.

ئايال خۇدا ياماپتىكەن تاشتا ئاسمان يېرىغىنى،
غولىدى تاش ساز مۇڭىدىن، كۆز ياملۇرى شار ـ شار ئەيلەر⑯.

تىلسىماتقا كىرسەم، لى پىلە دەرس بەرمەكتە موماي‌لارغا،
لەھەك بىلىق پىلتىڭلىشىپ، ئەجدىھامۇ ھەيىيار ئەيلەر.

زوقمەن بولۇپ سازغا توشقان، سەزمەي قىرو چۈشكىنىنى،
ئايدا ۋۇگاڭ دالچىن تاياپ، كوزى سەگەك بىدار ئەيلەر.

[ئىزاھلار]

① ئاياغ مەلىدىكى باغچا ــ ئاپتورنىڭ چاڭگودىكى ئائىلىسىگە يېقىن جايدىكى بىر باغچا.

② پەسلى باھار شامىلىغا ئامراق بولۇپ ــ گۇل بەرگلىرى شامالدا توكۇلۇپ كەتكەنلىكى، پۇرىغىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى باھار شامىلىغا ئامراق ـ ئىشقۋاز بولۇپ كەتكەن دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

③ مۇڭلۇق نەزمىلەر ــ ئاپتورنىڭ ئۆز نەزمىلىرى. بۇ يەردە ئاپتور ئۆز نەزمىلىرىنىڭ قەدرى ـ قىممىتى بولمىغانلىقىنى، پەقەت ئامبۇك نوتىلىرىغا يېزىپ قويۇش بىلەنلا ئۇتتۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا مانان ـ قىرو ئاستىدا خارلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

④ ئەمىلىيەتتە بۇنىڭ بىر چۈش بولۇشى ناتايىن، ئاپتور ئۆزىنىڭ مول تەسەۋۋۇر كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنى كوك قەرىدە پەرۋاز قىلدۇرىدۇ، بۇنىڭدىكى غايىۋى پىكىر رومانتىك يوسۇندا ئىپادىلەنگەن.

⑤ پاقا، توشقان ــ قەدىمقى رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئاي قەسرىدە پاقا بىلەن توشقان بار ئىمىش.

⑥ ئىقلىم — جۇڭگو زېمىنى. ئىگىز ئاسمان بوشلۇغىدىن زېمىنغا باققاندا، زېمىن ئىنتايىن كىچىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ دېمەكچى.

⑦ چوچەكتىكى سۇ — ئاسمان بوشلۇغىدىن قارىغاندا، دېڭىز - ئوك-يانمۇ قاچىغا توكۇپ قويۇلغان سۇچىلىك كۆرۈنگەن دېمەكچى.

⑧ يەنمېن دوتىيىگە بېغىشلاپ — قەدىمقى مەھكىمە ناخشىلىرىنىڭ ئومۇمىي ماۋزۇسىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، كوپىنچە چېگرا ئۇرۇشى تەسۋىرلىنىدۇ.

⑨ يىشۈي — ھازىرقى خېبېي ئولكىسىنىڭ غەربىي قىسمى.

⑩ باھادىرلارغا ئىنئام — يىشۈي دېگەن جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 18 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە يەن جاۋۋاڭ دېگەن پادىشا مىڭ جىڭ ئالتۇننى راسلاپ قويۇپ باتۇرلارنى تاللىغان. بۇ يەردە بۇ تەمسىل ئارقىلىق، لەشكەرلەرنىڭ بەگ - خان ئەمرىگە بوي سۇنۇپ پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلغانلىقى مەدھىيىلىنىدۇ.

⑪ لى پېڭ — تاڭ دەۋرىدىكى غوڭقا چېلىش ماھىرى. غوڭقا — 23 تارلىق بىر سازنىڭ ئىسمى.

⑫ شاھ سەنەم — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، پادىشا شۇننىڭ ئېي خۇاڭ ۋە نۈي يىڭ دېگەن ئىككى خانىشى بولغان. شۇن ئولۇپ كەت-كەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خانىشلىرى يىغا - زارە قىلىشقاندا ياشلىرى بامبۇكلارغا تامغانلىقتىن، ياشنىڭ دېغى بىلەن بامبۇك ئالا - چىپار بولۇپ قالغان.

⑬ سۇنۈي — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ چالغان سازنىڭ ئۈنى ئىنتايىن مۇڭلۇق چىقىدىكەن. بۇ مىسرالاردا لى پېڭنىڭ چالغان سازى ئېي خۇاڭ ۋە سۇنۈي خېنىملارنىمۇ ھەسرەتلەندۈرگەن دېمەكچى.

⑭ ئون ئىككى چوڭ دەرۋازا — تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاستانە چاڭئەننىڭ 4 تەرىپىدە ئۈچتىن جەمى 12 چوڭ دەرۋازىسى بولغان.

⑮ يىگىرمە ئۈچ تار — غوڭقىنىڭ تارلىرى يەنى غوڭقا دىمەكچى.

⑯ ئايال خۇدا — رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئايال خۇدا 5 خىل رەڭدە تاش تاللاپ چىقىپ ئاسماننىڭ يېرىقلىرىنى يامىغان ئىكەن، ئەمما لى پىڭنىڭ غوڭقىسىنىڭ ئاۋازىدىن تەسىرلەنگەچكە، ياماق تاشلارمۇ چۈشۈپ كېتىپ، يامغۇر يېغىپ كەتكەن. بۇ يەردە تەڭرىنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇر بولۇپ چۈشكەن، دىمەكچى.



# جۇ چىڭيۈي

جۇ چىڭيۈي (مىلادى 797 ـــ ؟ ـ يىللار) يۈېجۇ دىگەن يەر (هازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى شاۋشىڭ ناھىيىسى)دىن بولۇپ، مىلادىنىڭ 826 ـ يىلى تەشرىپدارلىققا ئۆتۈپ ئەمەل تۇتقان. ئۇنىڭ شېئىر ـ نەزمىلىرى ئەينى ۋاقىتتا خېلى داڭ چىقارغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## ئىمتىھان ھارپىسىدا جاڭ جى① جاناپقا مەكتۇپ②

كېلىنچەك تۈن بويى ياقتى قىزىل شامنى ئۇلاپ تاڭغا،
تەرەددۇتلەندى چىقماققا ئۇلۇغ ـ چوڭلارغا سالامغا.
ياساندى ئۇ، قولاق يېقىپ سوراپ باقتى كۈيەسىدىن:
”كېلەرمۇ ئەگلىكىم ـ قاشىم مۇناسىپ يېڭى دەۋرانغا؟“

[ئىزاھلار]

① جاڭ جى ـــ شۇ دەۋردە ئوردىنىڭ سۇ ئىشلار مەھكىمىسىدە بەگ

بولۇپ ئىشلىگەن ئەمەلدار.

② ئاپتور بۇ شېئىرىدا تۇرمۇشتىكى كىچىككىنە بىر ۋەقەنى يازىدۇ. يېقىندىن تۇرمۇش قۇرغان كېلىن ياسىنىپ-تارىنىپ بولغىنىدىن كېيىن ئېرىدىن: "كېلەرمۇ ئەڭلىگىم-قاشىم مۇناسىپ يېڭى دەۋرانىغا؟" دەپ سورايدۇ. ئۇ خىلدىكى كوڭۇل ھېسسىياتى ئاپتورنىڭ ئىمتىھانغا بېرىش ئالدىدىكى ھېسسىياتى بىلەن ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئاپتور بۇ شېئىرنى تەشرىپدارلىقتا ئىمتىھان بېرىشىنىڭ ئالدىدا يازغان بولۇپ، بۇ شېئىر ئارقىلىق جاڭ جى بەگدىن: ئۆزىنىڭ يازغان ماقالىسىنىڭ ئىمتىھان ئالغۇچى ئەمەلدارنىڭ كوڭلىگە ياقىدىغان-ياقمايدىغانلىقىنى سوراپ باقماقچى بولىدۇ.



# دۇ مۇ

دۇمۇ (مىلادى 803 — 852 ـ يىللار) نىڭ تەخەللۇسى مۇجى بولۇپ، پايتەختتىكى ۋەننيەن (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى شىئەن شەھىرى) دىن. مىلادىنىڭ 828 ـ يىلى تەشرىپدارلىقتا ئوتۇپ ئەمەل تۇتقان. ئۇ — تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى مۇھىم شائىرلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبى ناھايىتى ئويناق ـ شوخ، مەردانە بولۇپ، ئۇ 7 بوغۇملۇق قىتئە يېزىشتا ئالاھىدە ئۆزگىچە ماھارەتكە ئىگە. بۇ يەردە ئۇنىڭ بەش شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# تاغدا يۈرگەندە

چىغىر يوللار بىلەن تاققا يىراقتىن سوغ كۆزى كەلسەم،
بۇلۇتنىڭ قەرىدە ئادەم ياشاركەن سەپ سىلىپ كورسەم.
كوكۇل تارتىپ ئېرەنلىكنى① ئەتەي هارۋامنى توختاتتىم،
قىزارغان بەرگى قىرودا باھارنىڭ گۈلىدىن كوركەم.

# كۆز ئاخشىمى

كۆلـگۆنە دەر پەردىدە شام نۇرى، خۇي مەسرۇرىمەن،
پاقىراق قوڭغۇزنى يىپەك يەلپۈگۈچتە ئۇرىمەن.
بىلىنەر سوغ سۇ سىمان، كۆز ئاخشىمى تاش پەللەر،
پادىچى، توقۇمچى يۇلتۇزنى[2] يىتىپ كورىمەن.

# خۇاچىڭ ئوردىسىدىن[3] ئوتكەندە

ئارتقا بېقىپ چاڭئەن تامان كوردۇم قات ـ قات گۈلشەننى[4]،
مىڭلاپ ئىشىك[5] نوۋەت بىلەن داغدام بولۇپ بەرگەننى.
چاڭ توزىتىپ كەلگەچ ئاتلىق، قۇچتى شاتلىق خانىشنى،
بىراق ئوزگە ئىنسان بىلمەس ئۇڭا لىچژى كەلگەننى[6].

# جياڭنەندە باھار

ناۋا قىلار بۇلبۇللار گۈلزاردا ئۇرۇپ خەندان،
يەلپۈنىدۇ تۇغلىرى مەيخانىنىڭ بەك ئايان.

بۇتخانىسى بەش يۈزچە، جەنۇپ خانى⑦ سالدۇرغان،
قوينىغا ئېپ تۇرۇپتۇ يامغۇر-يېشىن، دۇت، مانان.

## چىنخۇەي دەرياسى⑧ بويىدا توختاپ

باستى سوغ سۇنى تۇمان قۇملۇقنى يورۇتقاندا ئاي،
توختىدىم چىنخۇەي لېۋىدە ئىزدىبان غىزاغا جاي.
«ئارقا هويلا گۈلى»⑨نى ئېيتار ئۇ قاتتا ناخشىچى،
ئەل بېشىدا قايىنىغان كۈلپەت-ئەلەمنى ئويلىماي.

[ئىزاھلار]

① ئېرەنلىك — ئېرەن ئورمانلىقى. ئېرەن دەرىخىنىڭ ياپرىقى كۈز پەسلىدە قىزىرىپ ئىنتايىن كوركەم تۈس ئالىدۇ.

② پادىچى، توقۇمىچى يۇلتۇز — رىۋايەتتە ئېيتىلىدىغان پادىچى يۇلتۇز ۋە توقۇمىچى قىز يۇلتۇزنى دېمەكچى. خەنزۇلار رىۋايىتىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇلار ئاشىق-مەشۇق بولۇپ، سامان يولىنىڭ ئىككى يېقىدا تۇرۇپ يىلدا بىر قېتىم كورۇشىدىكەن.

③ خۇاچىڭ ئوردىسى — ئەسلى ئورنى هازىرقى شەنشى ئولكىسىنىڭ لىنتۇڭ ناھىيىسىگە تەۋە لىشەن تېغىدىكى ئوردا، تاڭ خاندانلىقىنىڭ پادىشاسى لى لۇڭجىنىڭ خانىش ياڭ گۇيفېي بىلەن ئەيش-ئىشرەت، تاماشا قىلىدىغان جايى.

④ قات-قات گۈلشەن — لىشەن تېغى تەرەپتە تۇرۇپ چاڭئەندىكى ئوردا جايلاشقان يەرگە قارىغاندا، ئۇ پۇتۇنلەي بۈك-باراقسان، گۈل-

چىمەنلەر ئارىسىدا كورۇنىدۇ.

⑤ مىڭلاپ ئىشىك — خۇاچىڭ ئوردىسىنىڭ ئىشىكلىرى ناھايىتى تولا بولغاچقا، قاتار ـ قاتار ئىشىكلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلىدۇ دېمەكچى.

⑥ لىجى كەلگىنىنى — ياڭ گۈيفېي يېگىلى ئۈزۈلگەن لىجى مېۋىسى يېيىشكە ئامراق ئىكەن، شۇڭا لى لۇڭجى خەت ـ ئالاقە يەتكۈزىدىغان ئوتەڭ ـ بېكەتلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جەنۇبىي ئۆلكىلەردىكى لىجى مېۋىسى ئۆسىدىغان جايلاردىن ئۇنىڭ ئۈچۈن لىجى ئەكەلدۈرۈپ بېرىدىكەن، ئەمما لىجى توشىغۇچىلارنىڭ يولدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىرىمۇ بولىدىكەن. بۇ شېئىردا مۇشۇ ۋەقە ھەجۋى قىلىنىدۇ.

⑦ جەنۇپ خانى — مىلادى 420 ـ يىلىدىن 589 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ھوكۇم سۈرگەن 4 خاندانلىقنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پايتەختىنى جىيەنكاڭ (ھازىرقى نەنجىڭ شەھىرى)دا قۇرغان. ئۇلار سۇڭ، چى، لياڭ، چېن خاندانلىقىدىن ئىبارەت 4 خاندانلىقتۇر.

⑧ چىنخۇەي دەرياسى — ھازىرقى نەنجىڭ شەھىرىدىكى دەريانىڭ ئىسمى.

⑨ «ئارقا ھويلا گۈلى» — بىر ناخشىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇنى چېن شۇباۋ يازغان. چېن شۇباۋ تۇرمۇشتا ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلگەچكە، سىياسى جەھەتتە چۈشكۈنلىشىپ چىرىكلىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن مىلادىنىڭ 589 ـ يىلى پۈتۈن ئەل ۋەيران بولغان. چېن شۇباۋنىڭ پايتەختى نەنجىڭدا قۇرۇلغان. دېمەك، «ئارقا ھويلا گۈلى» ئەينى ۋاقىتتىكى بىر سېرىق ناخشا، بۇ يەردە شۇ دەۋردىكى تورە ـ بەگلەر تەبىقىسىنىڭ تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا، خەلق تۇرمۇشىدىكى نامراتچىلىقنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي، سەتەڭ خېنىملارنى يىغىپ كۈنۈ ـ تۈن سېرىق ناخشا ئوقۇتۇپ كەيپى ـ ساپا قىلىشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى پاش قىلىدۇ.

# لى شاڭيىن

لى شاڭيىن (مىلادى 812 ـــ 858 ـ يىللار)نىڭ تەخەللۇسى يىشەن بولۇپ، خۋەيجۇ ئايمىغىنىڭ خېنېي (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى چىنياڭ ناھىيىسى) دىگەن يېرىدىن. ئۇ ياشىغان دەۋر دەل تاڭ سۇلالىسى ھوكۇمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپ كۆرىشى تازا كەسكىنلەشكەن ۋاقىت ئىدى، ئۇنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى نيۇ سىڭدۇ، لى دېيۈلەر مەزھىبىنىڭ ھەر ئىككىسى بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى، ئىدىيىۋى زىددىيىتىمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئۇ بىرمۇنچە شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى بىئاراملىقنى ئەگرى يول بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ شېئىر ـ نەزمىلىرى ئەدىبىلىك، ئاھاڭدارلىق جەھەتتە ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، ئىنتايىن قويۇق رومانتىك تۇسكە ئىگە. ئەمما ئۇ كوپ ھاللاردا قەدىمقى تەمسىللەرنى ئىشلىتىشكە ۋە ھەددىدىن زىيادە يالتىراق، دەبدەبىلىك سوز ياساشقا بېرىلىپ كەتكەچكە، شېئىرلىرىنى بەك چۈشىنىكسىز قىلىپ قويغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# يامغۇرلۇق تۇندە شىمالدىكى يارغا جاۋاپ*

سورىساڭ قايتار چېغىمنى، دىمىكىم تەستۇر بۇگۈن،
لىقلىدى باشەندە① يامغۇر تۇنبۇيى كولنى پۇتۇن.
كېسىشىپ شام پىلىگىنى يولىنىپ دەرىزىگە،
سوزئېچىپ باشەن تېغىدىن جەم بولارمىز قايسى كۈن؟

# تېمىسىز②

ۋىسال تاپماق بەسى مۇشكۇل، جۇدالىق دەردىمۇ ئانىدىن،
خازان قىلماسقا گۇللەرنى شامال مەھرۇم ھەر ئىمكانىدىن.

جېنى بار پىللە توختاتماس ئىسىل مەشۇت چىقارماقنى،
كويۇپ پۇتىمەي يېشى پۇتمەس، ئاقار ياش ھەردەمى شامدىن.

---

* ئاپتور مەزكۇر شېئىرنى يامغۇر ياققان كېچىسى شىمالدىكى ئايىلىغا يېزىپ يوللىغان.

قىلار غەم زۇلفى قۇندۇزمۇ سەھەردە كورۇبان ئەينەك،
پۇتۇن تۇن كورسىمۇ نەزمە، سوغاقلىق ئوتىدۇ جاندىن.

پەرى③ دەرگاھىغا يەتمەك ئەمەستۇر ئانچىمۇ مۇشكۇل،
جېنىم قۇشلار خەۋەر ئالغاچ كېلىڭلار ئۇندىكى ياردىن.

[ئىزاھلار]

① باشەن — بىر تاغنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ يەردە سىچۇەندىكى تاغلارنى دېمەكچى.

② تېمىسىز — بۇنىڭ ئۇزى تېما. ئاپتور ئۇز پىكرىنى توغرىدىن-توغرا ئېيتىۋېرىشتىن ئەندىشە قىلىغاچقا، "تېمىسىز" دەپ تېما قويۇپ يازغان. ئاپتورنىڭ "تېمىسىز" دىگەن تېمىدا يازغان شېئىر-نەزملىرى خېلى جىق بولۇپ، ھەممىسىدە دىگۇدەك مۇھەببەت مەزمۇن قىلىنغان.

③ پەرى — ئاپتور ئۇز يارىنى پەرى قاتارىدا تەسۋىرلەيدۇ.

# ساۋ يې

ساۋ يې (ملادى 816 — ؟ يىللار) گۈيجۇ (ھازىرقى گۇاڭشى جۇاڭ-زۇ ئاپتونوم رايونىدىكى گۈيلىن شەھرى) ئايمىغىدىن بولۇپ، مىلادىنىڭ 850 - يىلى تەشرىپدارلىققا ئۆتۈپ ئايماق بېگى دەرىجىلىك ئەمەلدار بولغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# ئامبار چاشقىنى*

خانىنىڭ ئامبارلىرىدا چاشقان بار يوغان قاپتەك،
ئادەم كىرسە ئۈركمەيدۇ، يۈزلىرى قېلىن داپتەك.
ئەزىمەتلەر، پۇقرالار ئاچ قوساق يۈرەر ھەردەم،
كىملەر ساڭا يەتكۈزدى مول ئاشلارنى ھەي سولتەك؟

---

* بۇ شېئىردىكى چاشقان قارىماققا ئامبار چاشقىنى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەينى دەۋردىكى چىرىك، ئاچكوز فېودال ھوكۇمرانلارنى كورسىتىدۇ.

# لى شې

لى شې لوياڭ (هازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى لوياڭ شەھىرى)دىن بولۇپ، دەسلەپكى چاغلاردا ئۆز ئىنىسى لى بو بىلەن بىرلىكتە لۇشەن تېغىدا دەرۋىشلىك قىلىدۇ، مىلادىنىڭ 806 ـ يىلىدىن كېيىن دەرۋىشلىكنى تاشلاپ چىقىپ ئەمەل تۇتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا مەنسۇپىنى تۇۋەنلىتىش جازاسىغا ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## چوپان ناخشىسى

ئەتىگەندە كالامنى دەريا بويلاپ باقىمەن،
ئاخشاملىرى جىلغىغا ھەيدىۋېتىپ قايتىمەن.
يامغۇرلۇغۇم تەخلەگىلىك، ئورماندا مەن خىرامان،
قۇملۇقلارنى ياشارتىپ، بالمان چېلىپ ياتىمەن.
چېقىلىشقا ھەددى يوق موزايلارغا يولۋاسنىڭ،
ئوقيارىم بار بېلىمدە يىرتقۇچلارنى ئاتىمەن.

# دەريا شەھرىدە كەچكى بۇرغا ساداسى

ياڭرىدى بۇرغا پايانسىز سۇدا دەريا شەھرىدىن،
مۇڭى ئەسلەتتى ئەجەپ پۈتمەس ئەلەمنى چېگرىدىن.
تۇرنىلار قىيپاش ئۇچۇپ كەتتى دېڭىز ساھىل تامان،
شام چېغى ھۈركۈپ-تىنەپ بىردىنلا قۇملۇق بەھرىدىن.



# ۋېن تىڭيۈن

ۋېن تىڭيۈن (مىلادى 812 — 870 ـ ؟ يىللار)نىڭ تەخەللۇسى فېيچىڭ بولۇپ، تەيۈەن (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدە)دە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كېيىنكى تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى سىياسى جەھەتتە مەقسەت ـ مۇددىئاسىغا يېتەلمەي ئۆتكەن. ئۇ بىرقانچە قېتىم تەشرىپىدارلىققا ئىمتىھان بەرگەن بولسىمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ يەنە ھوكۇمرانلارنىڭ زۇلۇملىرىغا ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھاياتى چۈشكۈنلۈك، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش بىلەن ئۆتكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى سىپتا، لېكىن ئۇنىڭدا ھەشەمەتلىك سوز ـ ئىبارىلەرنى ياساشقا بېرىلىپ كېتىش، شەكىلۋازلىق خاھىشى بار. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# ياشلارغا

مەۋج ئۇرۇپ دۇڭتىڭ كولى①، ياپراق توكۈلگەن پەيتىدە،
جەم بولۇشتۇق ئوزگە يۇرتتا دەردى ـ ھىجران دەستىدە.

قىنىشىپ مەيگە، ئىگىز بىنادا ئاي ئوينار چېغى،
ئايرىلىشتۇق ناخشا توۋلاپ شەھرى خۇەيىيىڭ② رەستىدە.

[ئىزاھلار]
① دۇڭتىڭ كولى — ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسىدە.
② خۇەيىيىڭ — ھازىرقى جىياڭسۇ ئۆلكىسىدە.



# لو ين

لو ين (ميلادى 833 ـــ 909 ـ ييللار) چيەنتاڭ (هازىرقى خاڭجۇ شەھىرى) دا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تەشرىپدارلىقتا كوپ قېتىم ئىمتىھان بەرگەن بولسىمۇ ئوتەلمەي قالغان، چيەنليۇ (تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى ۋۇ يۇيۋاڭ) نىڭ قولىدا ئەمەلدار بولغان. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى مالىمانچىلىق ييللىرىدا ياشىغان بولۇپ، ئۇ چاغلاردىكى زۇلمەتلىك سىياسىغا بەك نارازى بولغان، خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق نۇرغۇن ساتىرىك شېئىرلارنى يازغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## مايمۇنچىنىڭ ئەمەلدار بولغانلىغىدىن تەسىراتىم*

بەسكە چۈشتۈم تەلىيىم دەپ توختىماي ئون نەچچە يىل،
خۇشئۇزار كول پەيزىنى هەم سۇرمۇدۇم، تەرك ئەتتى دىل.

* خۇاڭ چاۋ قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى ميلادىنىڭ 880 ـ ييللىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ، لى يەن (تاڭ

سۇن جاناپ بولغايكى ئۇلگە مەن ئۇچۇن قانداقسىگە،
كۆلدۈرۈپ سۇلتاننى بىر رەت مەنسەپ ئالغان شۇم پېيل.

---

سۇلالىسىنىڭ شىرۇك خانى) سىچۇەنىگە قېچىپ كېتىدۇ، مايمۇن ئوينىتىدىغان بىر ئۇستا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارىدۇ. ئۇ ئۇستا بېقىپ ئۆگەتكەن مايمۇن تولىمۇ ئىش ئۇقىدىغان بولغاچقا، گويا ۋەزىرلەرگە ئوخشاشلا تىك تۇرۇپ ئەتىگەنلىك كورۇنۇشكە بارالايدىغان بولىدۇ. لى يەن خان ئۇ مايمۇنچىنى بەك قەدىرلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىپ يارلىق چۈشۈرىدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن مايمۇنچى چوڭ ئەمەلدار بولىدۇ. ئاپتور مۇشۇ ئىشنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ.

# پى رىشيۇ

پى رىشيۇ (مىلادى 834 ـــ 883 ـ ؟ يىللار) ئاخىرقى تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر رىيالىست شائىــرلارنىڭ بىرى. شياڭــياڭ ئايمىغــىنىڭ جىڭـلىڭ (ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىدىكى تيەنمېن ناھىيىسى) دىگەن يېرىدە دىخان ئائىلىسىدە دۇنــياغا كەلــگەن. كېيىنــچە تەشــرىپدارلىقــقا ئۆتۈپ ئەمەل تۇتقان، خۇاڭ چاۋنىڭ دىخانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنىغىمۇ قاتناشقان. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياشىغانــلىغى ئۈچۈن، ئەيــنى ۋاقىتلاردىكى فېئودال ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ چىرىكلىكى ۋە مۇستەبىتلە-گىــنى ئۆز كوزى بىلەن كورگەن، ئىجتىــمائى رىياللىقــنى ۋە خەلقــنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرمۇنچە شېئىرلارنى يازغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# كاشــتان تــەرگۈچــى مــومايــنىڭ ھالىغا ۋاي

كەچكۈز مەزگىلى كاشتانلار پىشىپ،
توكۈلۈپ چۇشتى تاغدا چوپــلۇككە.

مۇكچىيىپ قالغان ئاقۋاش بىر موماي
سەھەر شەبنەمدە كەلدى تەرمەككە.

بىر ھازاغىچە تەردى بىر چاڭگال،
كۈن بويى ئاران كىچىك سېۋەتكە.

نەچچە قۇرۇتۇپ، نەچچە قايىنتىپ،
ھازىرلىۋالدى قىشلىق يېمەككە.

* * *

تاغنىڭ يېنىدا پىشقان گۈرۈچ-شال،
شالنىڭ پۈرىغى گۈپۈلدىمەكتە.

ھوسۇلنى يىغدى، سوقتى ئادالاپ،
ئۇخشىدى دانلار ئەينى سەدەپكە.

دىخان ئۆيىدە بىرەر دان قويماي،
تاپشۇردى تۈگەل شۇ ھوكۈمەتكە.

ئىككى دەن ئاشنى ئالسا بىر دەنگە،
نە چارە بولسۇن سېلىق تولەشكە.

مۇتەھەم يايى قورقماس جازادىن،
نەس تورە ئۇستا ھەر خىيانەتكە.

*    *    *

قاتىلاڭ پەيتى قەرزگە بوغۇلۇپ،
پىشمىغان ئاشلىق كەتكەن كەلمەسكە.

ئەمدى تا قىشتىن باھار كەلگىچە
كاشتانلا قالدى قوساق غەملەشكە.

تيەن چېڭزى① ئابروي قازانغان تېخى
يالغان كويۇنۇپ ئەل ـ جامائەتكە.

كاشتانچى موماي، ھالىڭغا مىڭ ۋاي،
يېشىم تولۇپتۇ بىردىن ئىتەككە.

[ئىزاھ]

① تيەن چېڭزى — ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 475 — 221 ـ يىللار) دىكى چى بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى. ئۇ خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن گۈرۈچنى مەقسەتلىك ھالدا چوڭ كەمچەندە تارقىتىپ، كىچىك كەمچەندە يىغىۋالغان، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى چى بەگلىكىنىڭ پادىشاسى بولغان.

## لۇ گۇيمېڭ

لۇ گۇيمېڭ (مىلادى؟ — تەخمىنەن 881 - يىللار) ئاخىرقى تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب بولۇپ، گۇسۇ (ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى سۇجۇ شەھىرى)دا تۇغۇلغان. ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ كوپ قىسمىنى دەرۋىشلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن بەزى دېخانچىلىق ئەمگەكلىرىگە قاتنىشىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ نەسىرلىرى- نىڭ بىرمۇنچىسى فېودال ھوكۇمرانلار سىنىپىنى پاش قىلىش ۋە مەسخىرە قىلىشنى مەزمۇن قىلغان، شېئىرلىرىنىڭ كوپ قىسمى بولسا مەنزىرە تەسۋىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، رېيال تۇرمۇش مەزمۇنى كەمچىل. ئۇ پى رىشيۇ بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# ۋەنلىڭدىكى① ساياھىتىمنى ئەسلەپ

سەيلىگاھىم بولغان ئېردى بىر چاغ لىڭياڭ② ئەزىز دىيار،
ئۇندا شي تياۋ③ راۋاق سالغان، لى بەي تاققا بولغان خۇشتار.

مەيلىم تارتتى شىر-شىر ئاققان زىلال سۇدا كۈن شولىسى،
مەيخانىنىڭ بايراقلىرى كوكلەم چېچىغى سۇدا ئوينار.

[ئىزاھلار]

① ۋەنلىڭ — ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى شۇەنچېڭ ناھىيىسى.

② لىڭياڭ — ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى بىر تاغ بولۇپ، شائىر بۇ يەردە ۋەنلىڭنى دىمەكچى.

③ شيې تياۋ — جەنۇبىي سۇلالە دەۋرىدىكى چى بەگلىكىنىڭ داڭلىق شائىرى، ئۇ شۇ دەۋردە شۇەنچېڭغا دوتەي بولغان چاغلىرىدا راۋاق ياساتقان.



## نيې يىجۇڭ

نيې يىجۇڭ (مىلادى 837 ــ تەخمىنەن 884 ـ يىللار) ئاخىرقى تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر رېئالىست شائىرلاردىن بىرى بولۇپ، خېدۇڭ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى يۇڭجى ناھىيىسى)دا دۇنياغا كەلگەن. تەشرىپدارلىققا ئۆتكەندىن كېيىن بىر قېتىم كىچىك ئەمەل تۇتقان، تۇر-مۇشتا ئاددى ـ ساددا ئۆتكەن، خەلقنىڭ تۇرمۇش ھېسسىياتىنى بىرقەدەر چۈشەنگەن ھەمدە دىخانلارنىڭ دەرت ـ ئەلەملىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرمۇنچە شېئىرلارنى يازغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## ئىككىنچى ئاي

باش باھار كەتتى يىپەكلەر قەرزىگە،
ياز كېلىپ ئاشمۇ قويۇلدى رەنىگە.

كوزىدىكى چاپاق ئېلىندى ۋە لېكىن
تىغ سېلىندى جان ـ يۈرەكنىڭ تۆشتىگە.

شام-چىراق بولسا مۇقەددەس شاھ دىلى،
بەرسە ئىنساپنى قوشۇپ ھەم كوڭلىگە.

يورۇغى چۈشمەي زىياپەتخانىغا،
چۈشسىكەن غۇربەتتە قالغان گەمگە.



# خۇاڭ چاۋ

خۇاڭ چاۋ (؟ ـــ 884 ـ يىللار) تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىل-لىرىدىكى دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى. ساۋجۇ ئايمىقىنىڭ يۈەنجۈي دىگەن يېرى (ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى خېزى ناھىيىسى) دە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقىچە تۇزچىلىق بىلەن ئوتكەن باي سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تەشرىپدارلىقتا ئىمتىھان بېرىپ ئوتەلمەي قالغان. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھوكۇمرانلارنىڭ ۋەھشىيانە چىرىكلىكىنى كورۇپ، دېخانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كوتەرگەن. ئۇنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى 500 مىڭ كىشىگە يېتىپ، بىر مەزگىل پايتەخت چاڭئەننى ئېلىپ داچى ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن؛ كېيىن مەغلۇپ بولۇپ ئوزىنى ئولتۇرۇۋالغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# جۈيخۇا گۈلگە بېغىشلاپ

سوغاق كۈز مەزگىلى جۈيخۇا ئېچىلغان باغچا ـ باغىم بار،
ئەجەپمۇ سەيلە ئەتمەيدۇ كېپىنەك، نە ئامالىم بار.
ئەگەر چەندە كېلىپ بىر كۈن باھار مۇئەككىلى بولسام،
ئۇنى توغاچ بىلەن بىللە ئېچىلدۇرماق خىيالىم بار.

## دۇ شۈنخې

دۇ شۈنخې (مىلادى 846 ــ 907 ـ يىللار) ئاخىرقى تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر رېئالىست شائىر بولۇپ، چىجۇ ئايمىقى (ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىگە تەۋە جاي)دا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ يوقسۇل ئائىلىدىن بولۇپ، ياش ۋاقىتلىرىدىلا شېئىرىيەتتە داڭ چىقارغان، ئەمما 40 نەچچە ياشلارغا كىرگەندە ئاندىن تەشرىپدارلىققا ئۆتەلىگەن. ئىجتىمائى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرمۇنچە شېئىرلارنى يازغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۈچ شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

### ۋۇ بەگلىكىگە① ئۇزاتقاندا

بارسىڭىز گۇسۇغا② كورگەيسىز تامام:
ھەممە خەق تۇتقان ماكان دەريا ئارا.

قەدىمى ئاستانىدا بوش جايمۇ كەم،
ئۇندىكى پورتلار كىچىك، كوۋرۇك تولا.

سەيلىچى يىپەك كىيىملىك بىھساپ،
كەچ يېقى قىزىپ كېتەر بازار راسا.

ناخشا تىڭشاپ ئەسلىگەيسىز يۇرتىنىمۇ،
سىزمۇ ئايدىڭدا كىرەلمەي ئۇيقۇغا.

## تاغدىكى تۇل خوتۇن

ئۇرۇشتا ئولدى ھەمرايىم، قېلىپ گەمدە ھالىم يوق،
ئۇچامدا بوز كىيىم جۇلجۇل، چېچىم ئاق، يۈزدە قانىم يوق.

ئۈژۈمزار تەل نابۇت بولدى، سېلىقنى سۈيلىشەر ھەدەپ،
زىمىن ئاق قالدىيۇ، باجنى تولىمەسكە ئامالىم يوق.

قالايمەن شاخنى كەسكەنچە چىۋىق-ياپراقلىرى بىللە،
ياۋا ئوت-چوپ غىزا مەنچۈن، بىرەر يىلتىز قويارىم يوق.

موكۇنسەممۇ پانا ئىزلەپ جىرا-تاغ، غارغا-ئۆڭكۈرگە،
سېلىق-ئالۋاڭ بالاسىدىن قېچىپمۇ قۇتۇلارىم يوق.

# خۇچېڭ③ ناھىيىسىدىن قايتا ئۆتكەندە

نىسىپ بولغان ماڭا بۇلتۇر بىسىپ ئۆتمەك مۇشۇ جايدىن،
تولا قاخشاپ خالايىقلار تويۇپ تۇرغان ئىكەن جاندىن.
بۈگۈن كەلسەم قىزىل ئۇنىۋان تاقاپتۇ ھاكىمى رەت-رەت،
قىياسىمدا بويالغان ئۇ ئاۋام زەردابىدىن-قاندىن.

[ئىزاھلار]

① ۋۇ بەگلىگى — قەدىمقى ۋاقىتتىكى سۇجۇ ۋۇ بەگلىگىنىڭ پايتەختى بولغان.

② گۇسۇ — ھازىرقى سۇجۇنىڭ قەدىمي ئاتىلىشى.

③ خۇچېڭ — ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى فۇياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا.

# ۋېي جۇاڭ

ۋېي جۇاڭ (مىلادى 836 ــ 910 ـ يىللار) نىڭ تەخەللۇسى دۇەنجى بولۇپ، ئاخىرقى تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر نەزمىچى ۋە شائىر. ئۇ پايتەخت چاڭئەنگە يېقىن دۇلىڭ دىگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەسلى ۋېي يىڭۋۇ دىگەن شائىرنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، شېئىرلىرى سىپتا ۋە يېقىملىق. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## جىنلىڭ① مەنزىرىسىگە ئاتاپ

ئالتە خاندان② ئۆتتى چۈشتەك، قۇش قىلار دەرتلىك ناۋا،
سىم ـ سىم ئەيلەيدۇ يېغىن بويى چىمەن دەريا ئارا.
بارچىگە قىلماي پىسەنت تەيچېڭدىكى③ بوستان شۇ تاپ ــ
تۇرىدۇ قاشنى پايانسىز قويىنغا ئېلىپ مانا!

[ئىزاھلار]

① جىنلىڭ ــ هازىرقى نەنجىڭ شەهرى.

② ئالته خاندان — شەرقىي ۋۇ، شەرقىي جىن ۋە جەنۇبىي سۇلالە دەۋرىدىكى سۇڭ، چى، لياڭ، چېندىن ئىبارەت ئالته خاندانلىق، بۇلار-نىڭ پايتەختى جىنلىڭدا بولغان.

③ تەيچېڭ — نەنجىڭ شەھەر سېپىلىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، شۇەن-ۋۇخۇ كولى بويىغا جايلاشقان.



# ۋاڭ جيا

ۋاڭ جيا (مىلادى 851 — ؟ - يىللار) خېجۇڭ دېگەن يەر (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى يۇڭجى ناھىيىسى)دە تۇغۇلغان، كېيىن تەشرىپدارلىققا ئۆتۈپ، ئوردا مەھكىمىسىدە ئەمەل تۇتقان. ئۇ ئاخىرقى تاڭ دەۋرىدىكى داڭلىق شائىرلاردىن ئىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## ھېيت كۈنى①

غازكول تېغى② باغرىدا ئوخشاپ كەتتى زىرائەت،
توخۇ-تۇمان ھەممە يەر، مەمۇرچىلىق قىياپەت.
مەسلىرىنى يۆلىشىپ ئۆيگە ياندى خالايىق،
كولەڭگىلەر قىيسىيىپ③ تۈگمەندە ئىبادەت.

[ئىزاھلار]

① ھېيت كۈنى — قەدىمقى دەۋردە زىمىن ۋە زىرائەت مۇئەككىلىگە تېۋىنىدىغان ھېيت بولۇپ، كۈز ۋە ئەتىيازدا ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغىنى ئەتىيازدىكى ھېيت.

② غازكول تېغى ــ جياڭشى ئۇلكىسىدىكى چيەنشەن ناھىيىسىدە.

③ كولەڭگىلەر قىيسىيىپ ــ كۈن غەرپكە قىيسايغاندا، دەرەخ سايىسمۇ يانتۇ چۈشىدۇ، دېمەكچى.



# چىن تاۋيۈي

چىن تاۋيۈي ئاستانە (ھازىرقى شىئەن شەھىرى)دىن بولۇپ، ياش ۋاقتىدىلا شېئىرىيەتتە داڭ چىقارغان. مىلادى 882 ـ يىلى تەشرىپدارلىقتا ئۆتۈپ ئۇردىدا ئەمەل تۇتقان. ئۇ ـــ ئاخىرقى تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىرلارنىڭ بىرى. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# يوقسۇل قىز

كۇنۇم ئۆتكەچ غېرىپلىقتا كورەلمەي خۇش باھارىمنى،
ئاشۇردۇم ئەلچىلەر ئىزدەپ ئەجەپمۇ ئاھۇ-زارىمنى.

غۇبارسىز خىسلىتىمنى كىم قوبۇل قىلغاي ئەزىز ئەيلەپ،
قىلار ھەم ئىختىيار چىندىن مىنىڭ ئاددى ئۇزارىمنى؟!

زىرىپلىقتا قولۇم ئەپچىل، خىيالاردىن قىلىشماسمەن،
كوڭۈل تارتماس بىرىپ زىننەت ئەتەي ئەڭلىك قىلارىمنى.

تىكەرمەن ئۆزگىگە دۇردۇن-تاۋارلاردىن كىيىم كۇن-تۇن،
ئىست، زەر يىپ ئىشى ئالدى جىمى ۋاقتى-قارارىمنى!

# گې يائېر

گې يائېر بىر شائىرە بولۇپ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى، شۇنىڭدەك ئىجادىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە ھېچقانداق ماتېرىيال يوق. بۇ يەردە ئۇنىڭ بىر شېئىرىنى تونۇشتۇردۇق.

## يارنى① سېغىنىپ

چېچىم چۇۋۇق، چازام ياغاچ، دۇنيادا ئاز مەن.
كېيىنگەنلىرىم تويلۇق ماتا قىشلىغى-ياز مەن.
كۆنجۈت ئېكىش② ئاسان ئىكەن، بىراق ئەكمىدىم،
قارارىمۇ بولدى يارىنىڭ، كەلمىدى زارمەن!

**[ئىزاھلار]**

① يار — ئاۋال كىشىنىڭ ئېرىنى ئاتىشى. مەزكۇر شېئىر ئاۋال تىلىدىن ئېرىلگەن.

② كۆنجۈت ئېكىش — قەدىمىي رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، كۆنجۈتنى ئەر-ئاۋال بىللە ئېكىشى لازىم ئىكەن، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئوبدان ئاينىيدىكەن، شۇ سەۋەپتىن ئاۋال ئۆزى كۆنجۈت ئېكىۋەرمەي، ئېرىنىڭ كېلىشىنى تىت كوز بىلەن كۈتكەن.

# تەرجىماندىن

«تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن» دېگەن بۇ كىتاپ شاڭخەي قەدىمي كىتاپلار نەشرىياتى 1978-يىل 5-ئايدا نەشر قىلغان «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن يۈز پارچە» دېگەن توپلام ئاساسىدا تەرجىمە قىلىندى، ئاپتورلار ۋە ئەسەرلەرنىڭ تەرتىۋى شۇنىڭدەك ئىزاھلار ئومۇمەن شۇ كىتاپ بويىچە ئېلىندى؛ دۇفۇ ۋە باشقا بەزى شائىرلارنىڭ بىر قىسىم داڭلىق شېئىرلىرى تاللاپ قوشۇلدى، ئايرىم شائىرلارنىڭ ئايرىم شېئىرلىرى ۋە ئايرىم شائىرلار قالدۇرۇپ قويۇلدى، شۇنداق قىلىپ بۇ توپلامغا تاڭ دەۋرىدىكى 54 نەپەر شائىرنىڭ 127 پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلدى. بۇ توپلامدىكى ئاپتورلارنى تونۇشتۇرۇشتا ۋە ئەسەرلەرگە ئىزاھ بېرىشتە يەنە يۈي شۇجېن تۈزۈپ ئىزاھلىغان «‹تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن ئۈچ يۈز پارچە›نىڭ شەرھى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى تۈزگەن «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار»، بېيجىڭ خەلق نەشرىياتى 1978-يىلى 9-ئايدا نەشر قىلغان «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن تاللانمىلارغا ئىزاھ»، تيەنجىن خەلق نەشرىياتى 1979-يىلى 11-ئايدا نەشر قىلغان «تاللانغان تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى ئۈستىدە تەھلىل»، ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى 1981-يىلى

1 ـ ئايدا نەشر قىلغان «تاڭ دەۋرى قىتئەلىرى ئۈستىدە تەھلىل» قاتارلىق كىتاپلاردىن ھەمدە دۇ فۇ، لى بەي، بەي جۈيىيى، لى شاڭيىن، لى خې قاتارلىق شائىرلارنىڭ مەخسۇس توپلاملىرى ياكى تاللانمىلىرى ئۈستىدە قىلىنغان ئىزاھ ـ تەھلىللەردىن پايدىلىنىلدى.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردىكى ئادەم، يەر ـ جاي ئىسىملىرى ۋە رىۋايەتلەر، ھىكايە ـ ۋەقەلەر توغرىسىدا دۇگلەك ئىچىگە ئېلىنغان رەقەم (①، ②) بىلەن قىسقىچە ئىزاھ بېرىلدى؛ تارىخىي ئارقا كورۈنۈشى مۇرەككەپرەك بولغان ياكى ئاپتورنىڭ پىكرى يوشۇرۇن يوللار بىلەن ئىپادىلەنگەن بەزى شېئىرلار ئۈچۈن شۇ شېئىر بېرىلگەن بەت ئاستىغا * بەلگىسى بىلەن ئىزاھ بېرىلدى؛ بىرنەچچە جايدا تەكرار كورۈلگەن بەزى سوزلەر ياكى يەر ناملىرىغا دەسلەپ ئۇچرىغان يېرىدە ئىزاھ بېرىلگەنچە ـ كە، كېيىنكى تەكرارلانغان يېرىدە قايتا ئىزاھ بېرىلمىدى.

تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، سىياسى ئارقا كورۈنۈشى مۇرەككەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇ كىلاسسىك شېئىر ـ لىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىپادىلەش قابىلىيىتىم تۇۋەن، تەجرىبەم كەمچىل بولغانلىقى سەۋەبىدىن، دەسلەپكى قەدەمدە مۇشۇنچىلىك ئىشلەپ چىقتىم. كەڭ كىتاپ ـ خانلارنىڭ ۋە پىشقەدەم تەرجىمان ئۇستازلارنىڭ قىممەتلىك تەنقىدىي پىكىر ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

1983 ـ يىل ماي، بېيجىڭ.

本书根据上海古籍出版社1978年5月第1版上海第1次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاپ شاڭخەي قەدىمىي كىتاپلار نەشرىياتى تەرىپىدىن 1978 ـ يىل 5 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى شاڭخەي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن ھاۋازى

تەرجىمە تەھرىرلىرى: ۋاڭ يىجۇ
ئۇسمانجان ساۋۇت

مەسئۇل مۇھەررىر: خوجائابدۇللا ئۇسمان

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1984 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1984 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.37 يۈەن

**唐 诗 一 百 首**

(维吾尔文)

亚森·阿瓦孜译

译文校订：王 一 之
乌斯满江

责任编辑：霍加阿不都拉

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32印张： 1/4

1984年6月 第1版

1984年6月 北京第1次印刷

印数：0001—5,000册 定价：0.37元

书号：M10049(4) 168

封面设计：崔云



书号M10049（4）168
定价 0.37元